# خاسىيەتلىك دۇئالار



خاسىيەتلىك دۇئالار

خاسىيەتلىك دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇئانىڭ ئۆزى چوڭ ئىبادەتتۇر. پەرۋەردىگارىڭلار: ﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن﴾، دېدى».

— ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارىڭلار تىرىك، ناھايىتى سېخىي زاتتۇر. ئۇ بەندىسى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسا، قۇرۇق قول قايتۇرۇشتىن ئۇيىلىدۇ».

— ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ٱدۡعُونِيٓ أَسۡتَجِبۡ لَكُمۡ﴾

«پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتتى: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»

# خاسىيەتلىك دۇئالار

بۇ كىتاب «قۇرئان كەرىم»دىكى ۋە «ھىسن ھەسىن» ناملىق دۇئا كىتابىدىكى ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان ۋە ئىبارىتى قىسقا بولغان دۇئالاردىن تاللاپ، رەتلەپ تۈزۈپ چىقىلدى.

## ئىلاۋە

«ھىسن ھەسىن» ــــ مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد جەزەريي شافىئىينىڭ «سەھىھۇلبۇخارى»، «سەھىھۇلمۇسلىم»، «ئەبۇ داۋۇد»، «تىرمىزى»، «نەسائى»، «ئىبنى ماجە»، «سەھىھ ئىبنى ھىببان»، «مۇستەدرەك ھاكىم»، «ئەبۇ ئەۋانە»، «ئىبنى خۇزەيمە»، «مۇۋەتتا»، «دارۇقۇتنى»، «مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە»، «مۇسنەدى ئەھمەد»، «مۇسنەدى بەزار»، «مۇسنەدى ئەبى يەئلا»، «دارىمى»، «مۇئجەمى تىبرانىل كەبىر»، «مۇئجەمى تىبرانىل ئەۋسەت»، «مۇئجەمى تىبرانىس سەغىر»، «ئىبنى مەردەۋىييە»، «بەيھەقى»، «سۈنەنى كۇبرا»، «ئىبنى سىننى» قاتارلىق 24 پارچە ھەدىس كىتابىدىن تاللاپ ئالغان دۇئا توپلىمىدۇر.

# مۇندەرىجە


دۇئانىڭ پەزىلىتى........................................................1
دۇئا قىلىش قائىدىسى ...................................................3
دۇئادا مۇھىم بولغان قائىدىلەر ۋە دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش
شەرتلىرى..........................................................................4
دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت، ھالەت ۋە ئورۇنلار..............6
«ھەدىس شەرىف»تە كەلگەن اللہ تعالیٰنىڭ توقسان توققۇز
ئىسمى ـسۈپىتى ...............................................................8
«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تىن ئېلىنغان دۇئالار....11
سۈبھى ۋاقتى كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا .......................44
كۆن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا .......................................45
كەچ ۋاقتى كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا...........................45
شام نامىزىنىڭ ئەزىنى چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا..............46
ئەتىگەن ـئاخشامدا ئوقۇيدىغان دۇئا...............................47
كىچىلىكتە ئوقۇيدىغان كەلىمىلەر.................................53





ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇيدىغان كەلىمىلەر...........................55
ئۇيقۇ قاچقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا .......................................58
قارا باسسا ياكى ئۇيقۇلۇقىدا بىر جايدا ياتالمىسا ئوقۇيىـ
ـدىغان دۇئا .........................................................................59
ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ...............................60
تەھەججۇد ئوقۇغىلى قوپقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ..................61
ھاجەتخانىغا كىرىش ئالدىدا ۋە ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇيىـ
ـدىغان دۇئا .........................................................................63
تاھارەت ئالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا......................................64
بامدات ناماز ئۈچۈن مەسجىدكە چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا .....65
مەسجىدكە كىرىش دۇئاسى..............................................66
مەسجىدتىن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا .............................67
ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا...........................67
ئەزان دۇئاسى .......................................................................68
پەرز نامازنىڭ سالىمىدىن كېيىنلا ئوقۇيدىغان دۇئا ............70
چاشگاھ نامىزىدىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا .......................74
بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا.............75
ئۆيگە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ......................................76
ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا.......................................77
بازارغا كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا .......................................78

سودا قىلغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 79
تاماقتىن بۇرۇن ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 80
تاماقتىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 81
سۈت ئىچكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 82
زىياپەت بەرگەن كىشى ھەققىدە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 82
سۇ ئىچكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 83
زەمزەم ئىچكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 84
ئىفتار قىلىدىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 84
ئىفتارلىق بەرگەن كىشى ھەققىدە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 85
كىيىم كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 85
ئەينەككە قارىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 87
بىرەر ئايالنى نىكاھىغا ئالغاندا ياكى بىرەر ئۇلاغ سېتىۋېـ
ـۋالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 87
يېڭىدىن توي قىلغان يىگىتنىڭ ھەققىدە قىلىدىغان دۇئا ........................... 88
ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولىدىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 88
ئاي كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 90
سەپەر دۇئاسى ........................... 91
سەپەردىن قايتىدىغاندا قىلىدىغان ئەمەللەر ........................... 99
مېيىپ ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە
ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 101



مۇسۇلماننىڭ كۆلگىنىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 101
دۈشمەندىن قورققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 102
دۈشمەن مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 102
سورۇندىن قوپقاندىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 102
بىر ئىشتىن پەرىشان بولغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 103
ھەر خىلدىكى مالنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 105
شەبى قەدىر دۇئاسى ........................... 106
ياخشىلىق قىلغانلار ھەققىدە قىلىدىغان دۇئا ........................... 106
قەرزدار قەرزنى ئادا قىلغاندا ئۇنىڭ ھەققىدە قىلىدىغان دۇئا ........................... 107
كۆزنگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇيـ
ـدىغان دۇئا ........................... 107
ياقتۇرمايدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 107
بىر نەرسە يوقاپ كەتكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 108
يېڭىدىن چىققان مېۋە ئالدىغا كەلگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 108
بىر ئىشتىن ئاچچىقى كەلگەندە؛ ئېشەك، ئىتنىڭ ئاۋازى
ئاڭلانغاندا ياكى يامان ۋەسۋەسە كېلىپ قالغاندا ئوقۇيـ
ـدىغان دۇئا ........................... 109
يامغۇر ياغقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........................... 109
ھەج تەلبىيىسى ........................... 112
ئەرەفاتتا ئوقۇيدىغان كەلىمىلەر ........................... 112

قۇربانلىق قىلىدىغان ھايۋاننى قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ
ياتقۇزغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا.............114
مۇسۇلمانغا ئۇچراشقاندا قىلىدىغان سالام ........115
چۈشكۈرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ..........117
يامان پال ئالماسلىق ھەققىدە..........118
قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ........119
سەييىدۇل ئىستىغفار دۇئاسى ..........120
ھاجەت نامىزىنىڭ دۇئاسى..........121
قۇنۇتى نازىلە دۇئاسى..........123
ئىستىخارە نامىزىدىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا ........127
كېسەل يوقلىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا..........128
مۇسىبەت يەتكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا..........129
كېسەلنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ........130
بالىنى كېسەل ياكى يامان نەرسىدىن ئەمىن ساقلاش ئۈچۈن
ئوقۇيدىغان دۇئا..........132
كېسەل كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ..........132
ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا..........133
ھازىدارلار ئوقۇيدىغان دۇئا..........135
مېيىتنى يەرلىككە قويىدىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ........136
قەبرىستانغا بارغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا..........137





ھازىدارغا تەسەللى بەرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا..........138
رەسۇلۇللاھنىڭ سىرىق ئېشەك چېقىۋالغاندىكى ئەمەلى ...138
جامىئ دۇئا ..........139
ئۇنتۇغاقلىقنىڭ ئىلاجى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم
ئەمەل..........144
ئۇنتۇغاقلىقنىڭ ئىلاجى ئۈچۈن يەنە بىر مۇھىم ئۇسۇل....151
كېسەلنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» بىلەن
داۋالاش..........153
دۇئا بىلەن داۋالاش ..........157
سېھىرنى داۋالاشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا..........158
پاناھ تىلەش دۇئالىرى ۋە ئۇنىۋېرسال دۇئالار..........163
كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ..........165
جىن چېپىلغان كېسەلنى داۋالاش..........168


بۇ كىتابنىڭ بېسىش ھوقۇقى چەكلەنمەيدۇ. بېسىش ۋە تارقىتىش شارائىتى بار كىشىلەرنىڭ كىتابنىڭ مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا بېسىشى ۋە تارقىتىشىغا رۇخسەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

## دۇئانىڭ پەزىلىتى

ﷲ تعــالى «قۇرئـان كـەرىم»دە مۇنـداق دەيـدۇ: «ماڭـا دۇئـا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبـۇل قىلىمـەن (تىلىگـىنىڭلارنى بېرىمـەن). شۈبھىسـىزكى، مېنىـڭ ئىبـادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار هالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»①.

«مېنىـڭ بـەندىلىرىم سـەندىن مـەن توغـرۇلۇق سورىسـا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمـەن (يـەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلـىپ تۇرىمـەن). ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىـڭ دۇئاسـىنى ئىجابـەت قىلىمـەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمـان ئېيتسۇن (يـەنى ھەمىشـە ئىمـان بىلـەن بولـسۇن)»②.

① 40- سۈرە مۇئمىن 60- ئايەت.
② 2- سۈرە بەقەرە 186- ئايەت.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دۇئانىڭ ئۆزى چوڭ ئىبادەت. پەرۋەردىگارىڭلار: ﴿ماڭـا دۇئـا قىلىـڭلار، مـەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن﴾، دېدى»①.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگـەن: «پەرۋەردىـگارىڭلار تىرىك، ناھايىتى سېخىي زاتتۇر. ئۇ بەندىسى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسا، قۇرۇق قـول قايتۇرۇشـتىن ئۇيـىلىدۇ»②.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگـەن: «مۇسۇلـمان گۇناھ ئارىلاشتۇرۇلمىغان ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش مەقـسەت قىلىنمىغان ھالەتتە دۇئا قىلسا، ﷲ تعالى ئۇ مۇسۇلمانغا ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنى بېرىدۇ: بىرى، ئۇنىڭ دۇئاسىنى دەرھال ئىجابـەت قىلـىدۇ. ئىككىنچىسـى، ئۇنـىڭ دۇئاسـىنى دۇنيـادا ئىجابەت قىلماي ئاخىرەتكە مول نېسىۋە قىلىپ ئېلىپ قويىدۇ. ئۈچىنچىسـى، ئۇنـى يامـان قىلمىشـلاردىن سـاقلاپ قـالىدۇ». ساھابە كىراملار: «بىز ئۇنـداق بولغـاندا دۇئـانى ناھـايىتى كـۆپ قىلىمىـز»، دېيىشـتى. رەسـۇلۇللاھ : «سـىلەر قـانچىكى دۇئـا قىلسـاڭلار، ﷲ تعــالى شـۇنچە كـۆپ بېـرىدۇ»، دەپ جـاۋاب بەردى③.

① ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
② ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.
③ تىرمىزى رىۋايىتى.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئىلياس رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «دۇئانىڭ ھەقىقىتى ئۆز ھاجەتلىرىنى الله تعالىٰنىڭ يۈكسەك دەرگاھىغا توغرا قىلىش. دېمەك، الله تعالىٰنىڭ دەرگاھى قانچىلىك يۈكسەك ئىكەن، دۇئا قىلىۋاتقاندا قەلبى شۇ قەدەر يۈكسەك دەرىجىدە تەۋەججۇ قىلىشى لازىم. ئۆزىنى كەمتەر ۋە ئاجىز تۇتقان ئاساستا، دۇئايىم چوقۇم قوبۇل بولىدۇ، دېگەن ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىشى لازىم. چۈنكى، مۇشۇنداق قەلب ـ ھۇزۇر ۋە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلغاندا، سېخىي، كەرەملىك، ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك، ئاسمان ـ زېمىننىڭ بارلىق خەزىنىلىرى قۇدرەت ئىلكىدە بولغان زات بەندىسىنى ھەرگىزمۇ قۇرۇق قول قايتۇرمايدۇ».

## دۇئا قىلىش قائىدىسى

دۇئا قىلغۇچى تاھارەت بىلەن قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ يۈكىنىپ ئولتۇرغاي، باداشقان ھالەتتە ھەرگىز ئولتۇرمىغاي، چۈنكى دۇئا قىلغاندا مۇشۇنداق ئولتۇرۇش قاتتىق ئەدەبسىزلىكتۇر. لېكىن ئۆزرىسى بولسا رۇخسەتتۇر. الله تعالىٰنىڭ قۇدرەت ئىلاھىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى دۇئا ئۈچۈن كۆتۈرۈپ، ھەممىدىن بۇرۇن الله تعالىٰغا ئەڭ ياخشى كەلىمىلەر بىلەن سانا ـ مەدھىيىلەر ئېيتقاي. سەھىھ



ھەدىستە كەلگەن الله تعالىٰنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى (توقسان توققۇز ئىسىملىرى) ياكى ئىسمى ئەئزەم قاتارلىق ئىسىملىرىدىن ئوقۇپ، ئاندىن دۇئا قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا دۇئا رەت قىلىنمايدۇ. يىغلاپ تۇرۇپ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ، ئاندىن دۇرۇد شەرىف ئوقۇيدۇ. چۈنكى، «ھەدىس شەرىف»تە مۇنداق كېلىدۇ: «دۇرۇد شەرىف ئوقۇلمىغان دۇئا ئاسمان ـ زېمىن ئارىلىقىدا مۇئەللەق (ئېسىلىپ) تۇرۇپ قالىدۇ ۋە قوبۇل بولمايدۇ». بۇنىڭ كەينىدىن ئۆزى بىلگەن دۇئالارنى قىلىدۇ. ئاخىردا يەنە دۇرۇد شەرىف ئوقۇيدۇ. دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىككى قولىنى يۈزىگە سۈرتىدۇ. دۇئا چوقۇم قوبۇل بولىدىغۇ، دېگەن ئىشەنچنى قىلىدۇ.

ئەگەر دۇئا قوبۇل بولغانىنىڭ ئەسىرى كۆرۈلمىسە رەنجىسە بولمايدۇ. ئوخشاشلا دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنى مۇنداق چۈشىنىدۇ: دۇئايىم ھازىرغىچە قوبۇل بولمىغانىغا قارىغاندا، بۇنىڭدا بىر خەيرىيەت بولۇشى مۇمكىن. ئاخىرەتتە بۇنىڭغا ئىنتايىن مول نېسىۋە ۋە ساۋاب بېرىلىشى مۇمكىن.

## دۇئادا مۇھىم بولغان قائىدىلەر ۋە دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش شەرتلىرى

1) الله تعالىٰغا ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىش. 2) ئالدى بىلەن الله تعالىٰغا ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتىپ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد يوللاش. مەقسىتنى تىلەپ بولغاندىن
كېيىن يەنە شۇنىڭ بىلەن دۇئانى ئاخىرلاشتۇرۇش. 3) قەتئىي
ئىرادە بىلەن دۇئا قىلىپ، ئىجابەت بولۇشىغا ئىشەنچ باغلاش.
4) قاتتىق يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش ۋە ئىجابەت بولۇشىغا ئالدىراپ
كەتمەسلىك. 5) قەلب ـ ھۇزۇر بىلەن دۇئا قىلىش. 6) كەگــ
ــچىلىكتىمۇ ۋە تارچىلىقتىمۇ ئوخشاشلا دۇئا قىلىپ تۇرۇش. 7)
يالغۇز الله تعالىدىنلا تىلەش. 8) مەخپىي ۋە جەھرىي ئارىلىقىدا،
نورمال ئاۋاز بىلەن دۇئا قىلىش. 9) گۇناھنى ئىقرار قىلىش،
ئۆتكۈزگەن گۇناھىدىن كەچۈرۈم سوراش، الله تعالىنىڭ نېئمە ـ
ـتىگە ئىقرار قىلىش، شۇ نېئمەتكە تەشەككۇر ئەيلەش. 10)
دۇئانى قافىيىلاشتۇرماسلىق. 11) زارى ـ تەزەررۇ بىلەن يىغلاپ
تۇرۇپ ۋە قورقۇپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش. 12) تەۋبە بىلەن دۇئا
قىلىش، زۇلۇمنى تەۋبە بىلەن قايتۇرۇش. 13) ئۈچ قېتىمدىن
دۇئا قىلىش. 14) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش. 15) دۇئادا ئىككى
قولنى كۆتۈرۈش. 16) مۇمكىن بولسا دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن
تاھارەت ئېلىش. 17) دۇئادا چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىك.
18) بىراۋنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆز
نەپسى ئۈچۈن دۇئا قىلىش. 19) الله تعالىنىڭ گۈزەل ئىسمى ـ
ـلىرى ۋە يۈكسەك سۈپەتلىرى ئارقىلىق ياكى ئۆزى قىلغۋاتقان
ياخشى ئەمەل ئارقىلىق ياكى تەقۋا كىشىنىڭ دۇئاسى ئارقىلىق
(مۇشۇلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ) دۇئا قىلىش. 20) يېمەك ـ



ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكنى ھالال ۋە پاك بولۇش. 21) گۇناھ
بولىدىغان ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش مەقسەت قىلىنغان دۇئانى
قىلماسلىق. 22) ئەمرى ـ مەئرۇپ، نەھيى ـ مۇنكەر قىلىش.
23) بارچە گۇناھتىن ئۆزىنى ساقلاش.

## دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت،
## ھالەت ۋە ئورۇنلار

1) شەبى قەدىر كېچىسى. 2) كېچىنىڭ ئاخىرى (تەھەجـ ـ
ـجۇد ۋاقتى). 3) پەرز نامازنىڭ كەينى. 4) ئەزان ۋە تەكبىر
ئارىلىقى. 5) ھەر كېچىدىن مەلۇم بىر ۋاقىت (بۇ بىزگە نامەلۇم).
6) پەرز ناماز ئۈچۈن ئوقۇلغان ئەزاندىن كېيىن. 7) يامغۇر
ياغقاندا. 8) الله يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزگەندە.
9) جۈمە كۈنىدىن مەلۇم بىر ۋاقىت[①]. 10) تىلىكنى نىيەت
قىلىپ تۇرۇپ زەمزەم سۈيى ئىچكەندە. 11) سەجدىگە بارغاندا.
12) كېچىلىكتە ئويغانغان چاغدا، ھەدىستىكى دۇئادىن ئوقۇپ
دۇئا قىلىش. 13) ئاخشىمى تاھارەت بىلەن يېتىپ، كېچىدە

① بۇ بىزگە نامەلۇم. بۇ ھەقتە قاراشلار ئوخشاش بولمىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كۈچلۈك قاراش، جۈمە كۈنىدىكى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى. يەنە بەزىبىر قاراشلاردا خۇتبە بىلەن پەرز ناماز ئارىلىقىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىت.

قويۇپ قىلغان دۇئا. 14) ﴿لَآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَـٰنَكَ إِنِّى كُنتُ مِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٨٧﴾﴾[1]نى ئوقۇپ دۇئا قىلىش. 15) بىر ئادەم ۋاپات بولغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان دۇئاسى. 16) ئاخىرقى تەشەھھۇدتا اللّٰه تعالىغا مەدھىيە ـ سانالار ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ۋە رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد يوللاپ بولغاندىن كېيىن قىلغان دۇئا. 17) ئىسمى ئەئزەم ئوقۇپ قىلغان دۇئا. 18) مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا غائىبانە قىلغان دۇئاسى. 19) ئەرەفە كۈنىدە ئەرەفاتتا قىلغان دۇئا. 20) رامىزان ئېيىدا قىلغان دۇئا. 21) مۇسۇلمانلارنىڭ زىكرى مەجلىسىدە قىلغان دۇئا. 22) مۇسىبەت يەتكەندە: «﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ﴿١٥٦﴾﴾ اَللّٰهُمَّ أْجُرْنِىْ فِىْ مُصِيْبَتِىْ وَاَخْلِفْ لِىْ خَيْرًا مِنْهَا» دېگەن كەلىمىنى ئوقۇپ قىلغان دۇئا. 23) قەلب اللّٰهقا ھەقىقىي بېغىشلانغاندا، قاتتىق ئىخلاس بىلەن قىلغان دۇئا. 24) زۇلۇم قىلىنغان ئادەمنىڭ زۇلۇم قىلغۇچىغا دۇئايىبەت قىلىپ ئوقۇغان دۇئاسى. 25) ئاتىنىڭ بالىنىڭ مەنپەئەتىگە ياكى زىيىنىغا قىلغان دۇئاسى. 26) مۇساپىر (يولۇچى)نىڭ دۇئاسى. 27) روزىدارنىڭ ئىفتاردا قىلغان دۇئاسى. 28) روزىدارنىڭ ئىفتار بولغىچە قىلغان دۇئاسى. 29) زۇلۇم چەككەن ئادەمنىڭ قىلغان دۇئاسى. 30) ئادىل پادىشاھنىڭ دۇئاسى. 31) ياخشى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلغان دۇئاسى. 32) تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن

① 21 ـ سۈرە ئەنبىيا.



كېيىن، ھەدىستىكى تاھارەت دۇئاسىنى ئوقۇپ قىلغان دۇئا. 33) مىنادىكى جەمرەتۇس سۇغراغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قىلغان دۇئا. 34) مىنادىكى جەمرەتۇلۋۇستاغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قىلغان دۇئا. 35) كەئبىنىڭ ئىچىدە قىلغان دۇئا. 36) سافا تېغىدا قىلغان دۇئا. 37) مەرۋە تېغىدا قىلغان دۇئا. 38) مۇزدەلىفەدە قىلغان دۇئا.

مەزكۇر ۋاقىت، ھالەت ۋە ئورۇنلار باشقا ۋاقىت، ھالەت ۋە ئورۇنلارغا نىسبەتەن زىيادە ئارتۇقچىلىققا ئىگىدۇر.

## «ھەدىس شەرىف»تە كەلگەن اللّٰه تعالىنىڭ توقسان توققۇز ئىسمى ـ سۈپىتى

«اللّٰهنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللّٰهنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار. اللّٰهنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار. ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[1].

ھُوَ اللّٰهُ الَّذِىْ لَآ إِلٰهَ إِلَّا ھُوَ (ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان ئاللاھ)، اَلرَّحْمٰنُ (ناھايىتى شەپقەتلىك)، اَلرَّحِيْمُ (ناھايىتى مېھرىبان)، اَلْمَلِكُ (پادىشاھ)، اَلْقُدُّوْسُ (پاك)، اَلسَّلَامُ

① 7 ـ سۈرە ئەئراف 180 ـ ئايەتنىڭ تەرجىمىسى.

(سالامەتلىك بېغىشلىغۇچى)، اَلْمُؤْمِنُ (ئەمىن قىلغۇچى)،
اَلْمُهَيْمِنُ (ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى)، اَلْعَزِيْزُ (غالىب)، اَلْجَبَّارُ
(زىياننى تولدۇرۇپ بەرگۈچى)، اَلْمُتَكَبِّرُ (ئۇلۇغلۇق ئىگىسى)،
اَلْخَالِقُ (ياراتقۇچى)، اَلْبَارِئُ (ئالەمنى ياراتقۇچى)، اَلْمُصَوِّرُ
(سۈرەت بېغىشلىغۇچى)، اَلْغَفَّارُ (كەڭ مەرھەمەت ئىگىسى)،
اَلْقَهَّارُ (قۇدرەتلىك)، اَلْوَهَّابُ (كۆپ بەرگۈچى)، اَلرَّزَّاقُ (كۆپ
رىزىق بەرگۈچى)، اَلْفَتَّاحُ (ئاچقۇچى)، اَلْعَلِيْمُ (بىلگۈچى)،
اَلْقَابِضُ (تۇتقۇچى)، اَلْبَاسِطُ (رىزىقنى كەڭ قىلغۇچى)، اَلْخَافِضُ
(پەس قىلغۇچى)، اَلرَّافِعُ (يۇقىرى كۆتۈرگۈچى)، اَلْمُعِزُّ (ئەزىز
قىلغۇچى)، اَلْمُذِلُّ (خار قىلغۇچى)، اَلسَّمِيْعُ (ھەممىنى ئاڭلى-
-غۇچى)، اَلْبَصِيْرُ (ھەممىنى كۆرگۈچى)، اَلْحَكَمُ (ھۆكۈم قىل-
-غۇچى)، اَلْعَدْلُ (ئادىل بولغۇچى)، اَللَّطِيْفُ (مەرھەمەتلىك)،
اَلْخَبِيْرُ (خەۋەردار)، اَلْحَلِيْمُ (مۇلايىم)، اَلْعَظِيْمُ (ھەممىدىن
ئۇلۇغ)، اَلْغَفُوْرُ (مەغفىرەت قىلغۇچى)، اَلشَّكُوْرُ (شۈكۈرنى
ياقتۇرغۇچى)، اَلْعَلِيُّ (يۇقىرى مەرتىۋىلىك)، اَلْكَبِيْرُ (ھەممىدىن
بۈيۈك)، اَلْحَفِيْظُ (مۇھاپىزەت قىلغۇچى)، اَلْمُقِيْتُ (تەنگە قۇۋ-
-ۋەت بەخش ئەتكۈچى)، اَلْحَسِيْبُ (كۇپايە قىلغۇچى)، اَلْجَلِيْلُ
(ھەممىدىن ئۇلۇغ)، اَلْكَرِيْمُ (ھەممىدىن سېخىي)، اَلرَّقِيْبُ
(كۆزەتكۈچى)، اَلْمُجِيْبُ (دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى)،
اَلْوَاسِعُ (مەرھەمىتى كەڭ بولغۇچى)، اَلْحَكِيْمُ (ھېكمەت بىلەن
ئىش قىلغۇچى)، اَلْوَدُوْدُ (دوست تۇتقۇچى)، اَلْمَجِيْدُ (ھەممە-

www.uyghurkitap.com



-دىن ئۇلۇغ)، اَلْبَاعِثُ (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى)، اَلشَّهِيْدُ
(ھەممىنىڭ ئۈستىدە ھازىر بولغۇچى)، اَلْحَقُّ (شەكسىز
مەۋجۇد)، اَلْوَكِيْلُ (كېپىل)، اَلْقَوِىُّ (ھەممىدىن كۈچلۈك)،
اَلْمَتِيْنُ (ھەممىدىن پۇختا)، اَلْوَلِيُّ (دوست بولغۇچى)، اَلْحَمِيْدُ
(ماختاشقا لايىق)، اَلْمُحْصِيْ (ساناپ تۇرغۇچى)، اَلْمُبْدِئُ
(خەلق ئەتكۈچى)، اَلْمُعِيْدُ (ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى)، اَلْمُحْيِي
(تىرىلدۈرگۈچى)، اَلْمُمِيْتُ (ئۆلتۈرگۈچى)، اَلْحَيُّ (ھەمىشە
تىرىك)، اَلْقَيُّوْمُ (ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى)، اَلْوَاجِدُ
(تاپقۇچى)، اَلْمَاجِدُ (ھەممىدىن ئۇلۇغ)، اَلْوَاحِدُ (يالغۇز)، اَلْاَحَدُ
(يىگانە)، اَلصَّمَدُ (بىھاجەت)، اَلْقَادِرُ (قادىر)، اَلْمُقْتَدِرُ (ناھايىتى
كۈچلۈك)، اَلْمُقَدِّمُ (بالدۇر ئىرىشتۈرگۈچى)، اَلْمُؤَخِّرُ (كېيىن
ئىرىشتۈرگۈچى)، اَلْاَوَّلُ (ھەممىدىن ئەۋۋەل)، اَلْاٰخِرُ (ھەممە-
-دىن ئاخىر)، اَلظَّاهِرُ (ئاشكارا بولغۇچى)، اَلْبَاطِنُ (مەخپىي
بولغۇچى)، اَلْوَالِي (ئىگە بولغۇچى)، اَلْمُتَعَالِيْ (ھەممىدىن ئۈس-
-تۈن)، اَلْبَرُّ (ياخشىلىق قىلغۇچى)، اَلتَّوَّابُ (تەۋبىنى قوبۇل
قىلغۇچى)، اَلْمُنْتَقِمُ (ئىنتىقام ئالغۇچى)، اَلْعَفُوُّ (ئەپۇ قىلغۇچى)،
اَلرَّءُوْفُ (كۆيۈنگۈچى)، مَالِكُ الْمُلْكِ (مۇلۇك ئىگىسى)،
ذُوالْجَلَالِ وَالْاِكْرَامِ (ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەت ئىگىسى)، اَلْمُقْسِطُ
(ئادىللىق قىلغۇچى)، اَلْجَامِعُ (يىغقۇچى)، اَلْغَنِيُّ (ھەممىدىن
باي)، اَلْمُغْنِيْ (باي قىلغۇچى)، اَلْمَانِعُ (توسۇپ قويغۇچى)،
اَلضَّارُّ (زەرەر يەتكۈزگۈچى)، اَلنَّافِعُ (مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى)،

اَلنُّوْرُ (نۇر)، اَلْهَادِىْ (ھىدايەت قىلغۇچى)، اَلْــبَدِيْعُ (يوقتىن بار قىلغۇچى)، اَلْبَاقِيْ (مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغۇچى)، اَلْــوَارِثُ (ۋارىسلىق قىلغۇچى)، اَلرَّشِــيْدُ (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى)، اَلصَّبُوْرُ (سەۋر قىلغۇچى).

## «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تىن ئېلىنغان دۇئالار

1. ﴿رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق. ئەگەر سەن بىزگە مەغفىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز»①.

2. ﴿رَبِّ إِنِّيٓ أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْـَٔلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِۦ عِلْمٌۖ وَإِلَّا تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِيٓ أَكُن مِّنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٤٧﴾﴾ پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سېغىنىمەن. ئەگەر ماڭا مەغفىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن»②.

---

① 7 ـ سۈرە ئەئراف.

② 11 ـ سۈرە ھۇد.



3. ﴿رَّبِّ ٱغْفِرْ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِمَن دَخَلَ بَيْتِيَ مُؤْمِنًا وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ ﴿٢٨﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۇئمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۇئمىن ئەرلەرگە، مۇئمىن ئاياللارغا مەغفىرەت قىلغىن»①.

4. ﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن»②.

5. ﴿وَتُبْ عَلَيْنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾﴾ «تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن»③.

6. ﴿رَبِّ ٱجْعَلْنِي مُقِيمَ ٱلصَّلَوٰةِ وَمِن ذُرِّيَّتِيۚ رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَآءِ ﴿٤٠﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن»④.

7. ﴿رَبَّنَا ٱغْفِرْ لِي وَلِوَٰلِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ ٱلْحِسَابُ ﴿٤١﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە

---

① 71 ـ سۈرە نۇھ.

② 2 ـ سۈرە بەقەرە.

③ 2 ـ سۈرە بەقەرە.

④ 14 ـ سۈرە ئىبراھىم.

(قىيامەت كۈندە)، ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن»①.

8. ﴿رَبِّ هَبۡ لِى حُكۡمًا وَأَلۡحِقۡنِى بِٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٨٣﴾ وَٱجۡعَل لِّى لِسَانَ صِدۡقٍ فِى ٱلۡأَٓخِرِينَ ﴿٨٤﴾ وَٱجۡعَلۡنِى مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ ٱلنَّعِيمِ ﴿٨٥﴾ وَلَا تُخۡزِنِى يَوۡمَ يُبۡعَثُونَ ﴿٨٧﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن، كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن. ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈندە مېنى رەسۋا قىلمىغىن»②.

9. ﴿رَبِّ هَبۡ لِى مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٠٠﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن»③.

10. ﴿رَّبَّنَا عَلَيۡكَ تَوَكَّلۡنَا وَإِلَيۡكَ أَنَبۡنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٤﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق. ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر»④.

11. ﴿رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُواْ وَٱغۡفِرۡ لَنَا رَبَّنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٥﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى

① 14 ـ سۈرە ئىبراھىم.
② 26 ـ سۈرە شۇئەرا.
③ 37 ـ سۈرە سافات.
④ 60 ـ سۈرە مۇمتەھىنە.



بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلار بىزگە مۇسەللەت بولۇپ، بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن). پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»①.

12. ﴿رَبِّ أَوۡزِعۡنِىٓ أَنۡ أَشۡكُرَ نِعۡمَتَكَ ٱلَّتِىٓ أَنۡعَمۡتَ عَلَىَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَىَّ وَأَنۡ أَعۡمَلَ صَٰلِحًا تَرۡضَىٰهُ وَأَدۡخِلۡنِى بِرَحۡمَتِكَ فِى عِبَادِكَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٩﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېئمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن»②.

13. ﴿رَبِّ هَبۡ لِى مِن لَّدُنكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةًۖ إِنَّكَ سَمِيعُ ٱلدُّعَآءِ ﴿٣٨﴾﴾ «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن»③.

14. ﴿رَبِّ لَا تَذَرۡنِى فَرۡدًا وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلۡوَٰرِثِينَ ﴿٨٩﴾﴾ «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويما-

① 60 ـ سۈرە مۇمتەھىنە.
② 27 ـ سۈرە نەمل.
③ 3 ـ سۈرە ئال ئىمران.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ـغىن، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا قالىسەن)»①.

15. ﴿لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٧﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»②.

16. ﴿رَبِّ ٱشۡرَحۡ لِي صَدۡرِي ﴿٢٥﴾ وَيَسِّرۡ لِيٓ أَمۡرِي ﴿٢٦﴾ وَٱحۡلُلۡ عُقۡدَةٗ مِّن لِّسَانِي ﴿٢٧﴾ يَفۡقَهُواْ قَوۡلِي ﴿٢٨﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن (يەنى ئىمان بىلەن نۇرلاندۇرغىن)، مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن، تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرىۋەتكىن، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن»③.

17. ﴿رَبِّ إِنِّي ظَلَمۡتُ نَفۡسِي فَٱغۡفِرۡ لِي ﴿١٦﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم، ماڭا مەغفىرەت قىلغىن»④.

18. ﴿رَبَّنَآ ءَامَنَّا بِمَآ أَنزَلۡتَ وَٱتَّبَعۡنَا ٱلرَّسُولَ فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ ﴿٥٣﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان

① 21 ـ سۈرە ئەنبىيا.
② 21 ـ سۈرە ئەنبىيا.
③ 20 ـ سۈرە تاھا.
④ 28 ـ سۈرە قەسەس.



كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايەتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن»①.

19. ﴿رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا فِتۡنَةٗ لِّلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٥﴾ وَنَجِّنَا بِرَحۡمَتِكَ مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن»②.

20. ﴿رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسۡرَافَنَا فِيٓ أَمۡرِنَا وَثَبِّتۡ أَقۡدَامَنَا وَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٤٧﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن»③.

21. ﴿رَبَّنَآ ءَاتِنَا مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةٗ وَهَيِّئۡ لَنَا مِنۡ أَمۡرِنَا رَشَدٗا ﴿١٠﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن»④.

① 3 ـ سۈرە ئال ئىمران.
② 10 ـ سۈرە يۇنۇس.
③ 3 ـ سۈرە ئال ئىمران.
④ 18 ـ سۈرە كەھف.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



22. ﴿ رَّبِّ زِدۡنِي عِلۡمٗا ﴿١١٤﴾ ﴾ «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلـ-
ـمىمنى زىيادە قىلغىن»①.

23. ﴿رَّبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنۡ هَمَزَٰتِ ٱلشَّيَٰطِينِ ﴿٩٧﴾ وَأَعُوذُ
بِكَ رَبِّ أَن يَحۡضُرُونِ ﴿٩٨﴾ ﴾ «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ
شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم!
ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىـ-
ـلەيمەن»②.

24. ﴿ رَّبِّ ٱغۡفِرۡ وَٱرۡحَمۡ وَأَنتَ خَيۡرُ ٱلرَّٰحِمِينَ ﴿١١٨﴾ ﴾
«پەرۋەردىگارىم! مەغفىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم
قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن»③.

25. ﴿ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا حَسَنَةٗ وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِ حَسَنَةٗ وَقِنَا
عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴿٢٠١﴾ ﴾ «پەرۋەردىگارىمىز، بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق
ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ
ئازابىدىن ساقلىغىن»④.

26. ﴿سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ
﴿٢٨٥﴾ ﴾ «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلـ-

① 20 - سۈرە تاھا.
② 23 - سۈرە مۇئمىنۇن.
③ 23 - سۈرە مۇئمىنۇن.
④ 2 - سۈرە بەقەرە.



ـدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر بارىـ-
ـدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر»①.

27. ﴿رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا
تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِنَاۚ
رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ لَنَا
وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ
﴿٢٨٦﴾ ﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشـ-
ـساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمـ-
ـرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىـ-
ـگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە
ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ
قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى
بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغفىرەت قىلـ-
ـغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر
قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن»②.

28. ﴿رَبَّنَا لَا تُزِغۡ قُلُوبَنَا بَعۡدَ إِذۡ هَدَيۡتَنَا وَهَبۡ لَنَا مِن
لَّدُنكَ رَحۡمَةًۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡوَهَّابُ ﴿٨﴾ ﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى
ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن

① 2 - سۈرە بەقەرە.
② 2 - سۈرە بەقەرە.

بۇرۇۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن.
شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشـ
ـلىغۇچىسەن»①.

29. ﴿رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَٰذَا بَٰطِلًا سُبْحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ
ٱلنَّارِ ﴿١٩١﴾ رَبَّنَآ إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ ٱلنَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُۥ ۖ وَمَا
لِلظَّٰلِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ ﴿١٩٢﴾ رَّبَّنَآ إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِى
لِلْإِيمَٰنِ أَنْ ءَامِنُوا۟ بِرَبِّكُمْ فَـَٔامَنَّا ۚ رَبَّنَا فَٱغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا
وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّـَٔاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ ٱلْأَبْرَارِ ﴿١٩٣﴾ رَبَّنَا وَءَاتِنَا مَا
وَعَدتَّنَا عَلَىٰ رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ
ٱلْمِيعَادَ ﴿١٩٤﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن
پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىـ
ـمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلـ
ـۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولـ
ـمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ): «رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار»،
دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىـ
ـگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، يامانلىقـ
ـلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبـ
ـزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقـ

① 3- سۈرە ئال ئىمران.



ـلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولـ
ـغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلـ
ـمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن»①.

30. ﴿رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغْفِرْ لَنَا وَٱرْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ ٱلرَّٰحِمِينَ
﴿١٠٩﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغفىرەت
قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم
قىلغۇچىسەن»②.

31. ﴿رَبَّنَا ٱصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ ۖ إِنَّ عَذَابَهَا
كَانَ غَرَامًا ﴿٦٥﴾ إِنَّهَا سَآءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا ﴿٦٦﴾﴾ «پەرۋەردىـ
ـگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەنـ
ـنەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلـ
ـمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايـ
ـدۇر»③.

32. ﴿رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَٰجِنَا وَذُرِّيَّٰتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ
وَٱجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا ﴿٧٤﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئايالـ
ـلىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى
بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى

① 3- سۈرە ئال ئىمران.
② 23- سۈرە مۇئمىنۇن.
③ 25- سۈرە فۇرقان.

www.uyghurkitap.com



تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن»①.

33. ﴿رَبِّ أَوۡزِعۡنِيٓ أَنۡ أَشۡكُرَ نِعۡمَتَكَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتَ عَلَيَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَيَّ وَأَنۡ أَعۡمَلَ صَٰلِحٗا تَرۡضَىٰهُ وَأَصۡلِحۡ لِي فِي ذُرِّيَّتِيٓۖ إِنِّي تُبۡتُ إِلَيۡكَ وَإِنِّي مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ (١٥)﴾ «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېئمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن. مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن). مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن»②.

34. ﴿رَبَّنَا ٱغۡفِرۡ لَنَا وَلِإِخۡوَٰنِنَا ٱلَّذِينَ سَبَقُونَا بِٱلۡإِيمَٰنِ وَلَا تَجۡعَلۡ فِي قُلُوبِنَا غِلّٗا لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ رَبَّنَآ إِنَّكَ رَءُوفٞ رَّحِيمٌ (١٠)﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن»③.

① 25 - سۈرە فۇرقان.
② 46 - سۈرە ئەھقاف.
③ 59 - سۈرە ھەشر.



35. ﴿رَبَّنَآ أَتۡمِمۡ لَنَا نُورَنَا وَٱغۡفِرۡ لَنَآۖ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ (٨)﴾ «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغفىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن»①.

36. ﴿رَبَّنَآ إِنَّنَآ ءَامَنَّا فَٱغۡفِرۡ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ (١٦)﴾ «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»②.

37. ﴿رَبَّنَآ ءَامَنَّا فَٱكۡتُبۡنَا مَعَ ٱلشَّٰهِدِينَ (٨٣)﴾ «رەببىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن»③.

38. ﴿رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَٰذَا ٱلۡبَلَدَ ءَامِنٗا وَٱجۡنُبۡنِي وَبَنِيَّ أَن نَّعۡبُدَ ٱلۡأَصۡنَامَ (٣٥)﴾ «پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن»④.

39. ﴿رَبِّ إِنِّي لِمَآ أَنزَلۡتَ إِلَيَّ مِنۡ خَيۡرٖ فَقِيرٞ (٢٤)﴾ «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج»⑤.

① 66 - سۈرە تەھرىم.
② 3 - سۈرە ئال ئىمران.
③ 5 - سۈرە مائىدە.
④ 14 - سۈرە ئىبراھىم.
⑤ 28 - سۈرە قەسەس.

40. ﴿رَبِّ ٱنصُرۡنِي عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٣٠﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ماڭا ياردەم بەرگىن، ئۇلار بۇزغۇنچى ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈمىد قىلىنمايدۇ. ئۇلار گۇمراھلىقتا، بۇزۇقچىلىقتا چۆمۈپ كەتكەن)»①.

41. ﴿رَبَّنَا لَا تَجۡعَلۡنَا مَعَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٤٧﴾﴾ «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىللە قىلمىغىن»②.

42. ﴿حَسۡبِيَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ عَلَيۡهِ تَوَكَّلۡتُۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلۡعَرۡشِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿١٢٩﴾﴾ «ﷲ ماڭا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى ﷲقا يۆلەندىم، ﷲتىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن). ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»③.

43. ﴿عَسَىٰ رَبِّيٓ أَن يَهۡدِيَنِي سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿٢٢﴾﴾ «پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»④.

---

① 29- سۈرە ئەنكەبۇت.
② 7- سۈرە ئەئراف.
③ 9- سۈرە تەۋبە.
④ 28- سۈرە قەسەس.



44. ﴿رَبِّ نَجِّنِي مِنَ ٱلۡقَوۡمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٢١﴾﴾ «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن»①.

45. «اَللّٰهُمَّ اٰتِنَا فِى الدُّنْيَا حَسَنَةً وَّفِى الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَّقِنَا عَذَابَ النَّارِ» (ئى ﷲ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن)②.

46. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ النَّارِ وَعَذَابِ النَّارِ، وَفِتْنَةِ الْقَبْرِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ وَشَرِّ فِتْنَةِ الْغِنٰى وَشَرِّ فِتْنَةِ الْفَقْرِ، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيْحِ الدَّجَّالِ، اَللّٰهُمَّ اغْسِلْ قَلْبِىْ بِمَاءِ الثَّلْجِ وَالْبَرَدِ وَنَقِّ قَلْبِىْ مِنَ الْخَطَايَا كَمَا نَقَّيْتَ الثَّوْبَ الْاَبْيَضَ مِنَ الدَّنَسِ وَبَاعِدْ بَيْنِىْ وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَالْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ» (ئى ﷲ! ساڭا سېغىنىپ دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، باي ۋە كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ﷲ! ساڭا سېغىنىپ كەززاب دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ﷲ! قەلبىمنى قار ۋە مۆلدۈر سۈيى بىلەن يۇغىن، ئاق كىيىمنى كىردىن پاك قىلغاندەك قەلبىمنىمۇ بارلىق گۇناھتىن پاك قىلغىن، مەشرىق ۋە مەغرىب ئارىلىقىنى يىراق قىلغاندەك

---

① 28- سۈرە قەسەس.
② بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مېنىڭ ۋە خاتالىقلىرىمنىڭ ئارىلىقىنى يىراق قىلغىن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، گۇناھ ئىشلاردىن، قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن)①.

47. «اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْهَرَمِ وَالْبُخْلِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ» (ئى الله! ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن. يەنە گۆر ئازابىدىن، ھاياتلىقنىڭ پىتنىلىرىدىن ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن)②.

48. «اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ جَهْدِ الْبَلَآءِ وَدَرْكِ الشَّقَآءِ وَسُوٓءِ الْقَضَآءِ وَشَمَاتَةِ الْاَعْدَآءِ» (ئى الله! ساڭا سېغىنىپ ئېغىر ئەھۋالدا قېلىشتىن، بەختسىزلىككە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن، بالا-قازاغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ۋە دۈشمەنلەرنى خۇش قىلىدىغان ئىشقا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن)③.

49. «اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَسْئَلُكَ الْهُدٰی وَالتُّقٰی وَالْعَفَافَ وَالْغِنٰی» (ئى الله! سېنىڭ توغرا يولغا يېتەكلىشىڭنى، تەقۋادار قىلىشىڭنى، ھارامدىن پاك قىلىشىڭنى ۋە باي قىلىشىڭنى تىلەيمەن)④.

---

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
② بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
③ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
④ مۇسلىم رىۋايىتى.



50. «اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ، اَللّٰهُمَّ اٰتِ نَفْسِیْ تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا اَنْتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا اَنْتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلَاهَا، اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لَّا يَنْفَعُ وَمِنْ قَلْبٍ لَّا يَخْشَعُ وَمِنْ نَفْسٍ لَّا تَشْبَعُ وَمِنْ دَعْوَةٍ لَّا يُسْتَجَابُ لَهَا» (ئى الله! ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن، ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەت سەنلا پاك قىلىسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە سەن ئۇنىڭ ئىگىسىسەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ پايدىسىز ئىلىمدىن، بويسۇنماس دىلدىن، تويماس نەپسىدىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن)①.

51. «اَللّٰهُمَّ اهْدِنِیْ وَسَدِّدْنِیْ، اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَسْئَلُكَ الْهُدٰی وَالسَّدَادَ» (ئى الله! مېنى توغرا يولغا يېتەكلىگىن، مېنى توغرا ئادەم قىلغىن. ئى الله! سەندىن توغرا يولغا يېتەكلىشىڭنى، راستچىللىقنى تىلەيمەن)②.

52. «اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ وَتَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ وَفُجْأَةِ نِقْمَتِكَ وَجَمِيْعِ سَخَطِكَ» (ئى الله! ساڭا سېغىنىپ

---

① مۇسلىم رىۋايىتى.
② مۇسلىم رىۋايىتى.

بەرگەن نېئمىتىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، بەرگەن ئامانلىقىڭنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە جىمى غەزەپلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن)①.

53. «اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا عَمِلْتُ وَمِنْ شَرِّ مَا لَمْ اَعْمَلْ» (ئى اللّٰه! قىلغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە قىلمىغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)②.

54. «اَللّٰهُمَّ اَكْثِرْ مَالِیْ وَوَلَدِیْ وَبَارِكْ لِیْ فِیْمَآ اَعْطَیْتَنِیْ وَاَطِلْ حَیَاتِیْ عَلٰی طَاعَتِكَ وَاَحْسِنْ عَمَلِیْ وَاغْفِرْ لِیْ» (ئى اللّٰه! مېنىڭ مال-مۈلۈكۈمنى ۋە بالا-چاقامنى كۆپ قىلغىن. ماڭا بەرگەن نەرسەڭدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سېنىڭ تائىتىڭدە ئۆمرۈمنى ئۇزۇن قىلغىن، ئەملىمنى گۈزەل قىلغىن. ماڭا مەغفىرەت قىلغىن)③.

55. «لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ الْعَظِیْمُ الْحَلِیْمُ لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِیْمِ لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ رَبُّ السَّمٰوٰتِ وَرَبُّ الْاَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِیْمِ» (ئۇلۇغ، مۇلايىم بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاسمان-زېمىن ۋە بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)④.

① مۇسلىم رىۋايىتى.
② مۇسلىم رىۋايىتى.
③ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
④ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.



56. «اَللّٰهُمَّ رَحْمَتَكَ اَرْجُوْ فَلَا تَكِلْنِیٓ اِلٰی نَفْسِیْ طَرْفَةَ عَیْنٍ وَاَصْلِحْ لِیْ شَأْنِیْ كُلَّهٗ لَآ اِلٰهَ اِلَّآ اَنْتَ» (ئى اللّٰه! سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنى بىردەممۇ نەپسىمنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتمىگىن. مېنىڭ ئىشىمنىڭ ھەممىسىنى تۈزەتكىن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر)①.

57. «لَآ اِلٰهَ اِلَّآ اَنْتَ سُبْحَانَكَ اِنِّیْ كُنْتُ مِنَ الظّٰلِمِیْنَ» (پەرۋەردىگارىم! سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن. مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم)②.

58. «اَللّٰهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوْبِ صَرِّفْ قُلُوْبَنَا عَلٰی طَاعَتِكَ» (ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى اللّٰه! دىللىرىمىزنى تائىتىڭگە ئۆزگەرتكىن)③.

59. «یَا مُقَلِّبَ الْقُلُوْبِ ثَبِّتْ قَلْبِیْ عَلٰی دِیْنِكَ» (ئى دىللارنى ئۆزگەرتكۈچى زات! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن)④.

60. «اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَسْئَلُكَ الْعَافِیَةَ فِی الدُّنْیَا وَالْاٰخِرَةِ» (ئى اللّٰه! مەن سەندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئامانلىق تىلەيمەن)⑤.

① ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد رىۋايىتى.
② تىرمىزى رىۋايىتى.
③ مۇسلىم رىۋايىتى.
④ تىرمىزى رىۋايىتى.
⑤ تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



61. «اَللّٰهُمَّ اَحْسِنْ عَاقِبَتَنَا فِى الْاُمُوْرِ كُلِّهَا وَاَجِرْنَا مِنْ خِزْىِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْاٰخِرَةِ» (ئى اللہ! پۈتكۈل ئىشلىرىمىزدا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن، بىزنى دۇنيانىڭ رەسۋاچىلىقلىرىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن)①.

62. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ سَمْعِىْ وَمِنْ شَرِّ بَصَرِىْ وَمِنْ شَرِّ لِسَانِىْ وَمِنْ شَرِّ قَلْبِىْ وَمِنْ شَرِّ مَنِيِّىْ» (ئى اللہ! ساڭا سېغىنىپ قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن، كۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن، تىلىمنىڭ يامانلىقىدىن، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە جان يېرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)②.

63. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْبَرَصِ وَالْجُنُوْنِ وَالْجُذَامِ وَمِنْ سَيِّءِ الْاَسْقَامِ» (ئى اللہ! ساڭا سېغىنىپ بەرەستىن، ئۇنىمەجىلۇقتىن، جۇزام كېسىلىدىن ۋە يامان ئاغرىق-سىلاقلاردىن پاناھ تىلەيمەن)③.

64. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ مُنْكَرَاتِ الْاَخْلَاقِ وَالْاَعْمَالِ وَالْاَهْوَآءِ» (ئى اللہ! ساڭا سېغىنىپ يامان ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەردىن ۋە يامان ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن پاناھ تىلەيمەن)④.

---

① ئەھمەد، تىبرانى رىۋايىتى.
② ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى رىۋايىتى.
③ ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى.
④ تىرمىزى رىۋايىتى.



65. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَتَرْكَ الْمُنْكَرَاتِ وَحُبَّ الْمَسَاكِيْنِ وَاَنْ تَغْفِرَ لِىْ وَتَرْحَمَنِىْ وَاِذَا اَرَدْتَ فِتْنَةَ قَوْمٍ فَتَوَفَّنِىْ غَيْرَ مَفْتُوْنٍ وَاَسْئَلُكَ حُبَّكَ وَحُبَّ مَنْ يُّحِبُّكَ وَحُبَّ عَمَلٍ يُّقَرِّبُنِىْ اِلٰى حُبِّكَ» (ئى اللہ! مەن سەندىن راستىنلا ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشنى، نامراتلارنى ياخشى كۆرۈشنى، ماڭا مەغفىرەت قىلىشىڭنى، رەھىم قىلىشىڭنى سورايمەن. بىرەر قەۋمنى پىتنىگە تاشلىماقچى بولساڭ، مېنى پىتنىگە دۇچار بولۇشتىن بۇرۇن قەبزە روھ قىلغىن. سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سېنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ مۇھەببىتىنى، سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە مېنى يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشنى ياخشى كۆرۈشنى سورايمەن)①.

66. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلِّهٖ عَاجِلِهٖ وَاٰجِلِهٖ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ اَعْلَمْ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ الشَّرِّ كُلِّهٖ عَاجِلِهٖ وَاٰجِلِهٖ مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ اَعْلَمْ، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ عَبْدُكَ وَنَبِيُّكَ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا اسْتَعَاذَ بِكَ مِنْهُ عَبْدُكَ وَنَبِيُّكَ، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ الْجَنَّةَ وَمَا قَرَّبَ اِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ اَوْعَمَلٍ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ النَّارِ وَمَا قَرَّبَ اِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ اَوْعَمَلٍ، وَاَسْئَلُكَ اَنْ تَجْعَلَ كُلَّ قَضَآءٍ قَضَيْتَهٗ لِىْ خَيْرًا» (ئى اللہ! ياخشىلىقنىڭ

---

① ئەھمەد رىۋايىتى.

بۇرۇنقىسى بولسۇن، كېيىنكىسى بولسۇن، ئۇنىڭدىن بىلىدىـ
ـغىنىم بولسۇن ۋە بىلمەيدىغىنىم بولسۇن، ھەممىسىنى سەنـ
ـدىن سورايمەن. يامانلىقنىڭ بۇرۇنقىسى بولسۇن، كېيىنكىسى
بولسۇن، ئۇنىڭدىن بىلىدىغىنىم بولسۇن ۋە بىلمەيدىغىنىم بولـ
ـسۇن، ھەممىسىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى اللّٰه!
بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەندىن
سورىغان ياخشى نەرسىلەرنى سورايمەن. بەندەڭ ۋە پەيغەمـ
ـبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەن
يامان نەرسىلەردىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللّٰه! سەندىن جەننەتنى
ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ياكى ھەرىكەتنى سورايـ
ـمەن. ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن ۋە دوزاخقا يېقىنلاشـ
ـتۇرىدىغان سۆز ياكى ھەرىكەتلەردىن پاناھ تىلەيمەن. سېنىڭ
پېشانەمگە پۈتكەن ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلىشىڭنى
تىلەيمەن)①.

67. «اَللّٰهُمَّ اقْسِمْ لَنَا مِنْ خَشْيَتِكَ مَا تَحُوْلُ بِهٖ بَيْنَنَا وَبَيْنَ
مَعَاصِيْكَ وَمِنْ طَاعَتِكَ مَا تُبَلِّغُنَا بِهٖ جَنَّتَكَ وَمِنَ الْيَقِيْنِ مَا تُهَوِّنُ بِهٖ
عَلَيْنَا مَصَآئِبَ الدُّنْيَا، اَللّٰهُمَّ مَتِّعْنَا بِاَسْمَاعِنَا وَاَبْصَارِنَا وَقُوَّاتِنَا مَآ
اَحْيَيْتَنَا وَاجْعَلْهُ الْوَارِثَ مِنَّا وَاجْعَلْ ثَأْرَنَا عَلٰى مَنْ ظَلَمَنَا وَانْصُرْنَا

① ئىبنى ماجە، ئەھمەد رىۋايىتى.



عَلٰى مَنْ عَادَانَا وَلَا تَجْعَلْ مُصِيْبَتَنَا فِيْ دِيْنِنَا وَلَا تَجْعَلِ الدُّنْيَا اَكْبَرَ
هَمِّنَا وَلَا مَبْلَغَ عِلْمِنَا وَلَا تُسَلِّطْ عَلَيْنَا مَنْ لَّا يَرْحَمُنَا» (ئى اللّٰه!
بىزگە سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار بولۇشتىن توسىدىغان قورقۇنچ
ئاتا قىلغىن. جەننىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان تائەت ـ ئىبادىتىڭگە
مۇيەسسەر قىلغىن. دۇنيانىڭ بالايى ـ ئاپەتلىرىنى مەيمەنستىـ
ـدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن. مادامىكى جېنىمىزنى ئېسەن
قىلىدىكەنسەن، ئى اللّٰه! بىزنى قۇلاقلىرىمىزدىن، كۆزلىرىـ
ـمىزدىن ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزدىن بەھرىمەن قىلغىن، ھاياتىـ
ـمىزدا بىزنى ئۇلاردىن ئايرىمىغىن. بىزگە زۇلۇم قىلغانلاردىن
ئۆچىمىزنى ئالىدىغان قىلغىن. دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە
ياردەم بەرگىن. بېشىمىزغا كېلىدىغان پېشكەللىكنى دىنىي
جەھەتتىن كەلتۈرمىگىن. دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىمىز ۋە
بىلىمىمىزنىڭ چېكى قىلمىغىن. سەندىن قورقمايدىغان، بىزگە
رەھىم قىلمايدىغان ئادەمنى گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن بىزگە
مۇسەللەت قىلمىغىن)①.

68. «اَللّٰهُمَّ اِنِّيْ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ
الْبُخْلِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ اَنْ اُرَدَّ اِلٰى اَرْذَلِ الْعُمُرِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ
فِتْنَةِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْقَبْرِ» (ئى اللّٰه! ساڭا سېغىنىپ قورقۇنـ

① تىرمىزى، ھاكىم رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ـچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن)①.

69. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىْ ظَلَمْتُ نَفْسِىْ ظُلْمًا كَثِيْرًا وَلَا يَغْفِرُ الذُّنُوْبَ اِلَّآ اَنْتَ، فَاغْفِرْ لِىْ مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ وَارْحَمْنِىْ اِنَّكَ اَنْتَ الْغَفُوْرُ الرَّحِيْمُ» (ئى اللّٰه! مەن ئۆز نەپسىمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى سەندىن ئۆزگە ھېچكىم مەغفىرەت قىلالمايدۇ، ئۆز تەرىپىڭدىن ماڭا مەغفىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن ئىنتايىن مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن)②.

70. «اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَسْئَلُكَ مُوْجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَآئِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالسَّلَامَةَ مِنْ كُلِّ اِثْمٍ وَالْغَنِيْمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ وَالْفَوْزَ بِالْجَنَّةِ وَالنَّجَاةَ مِنَ النَّارِ» (ئى اللّٰه! سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى، مەغفىرىتىڭگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى سورايمىز. ھەربىر گۇناھتىن ساق بولۇشنى، ھەربىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، جەننەتنىڭ قولغا كېلىشىنى، دوزاختىن نىجات تېپىشنى سورايمىز)③.

① بۇخارى رىۋايىتى.
② بۇخارى رىۋايىتى.
③ ھاكىم رىۋايىتى.



71. «اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ اَوْسَعَ رِزْقِكَ عَلَىَّ عِنْدَ كِبَرِ سِنِّىْ وَانْقِطَاعِ عُمُرِىْ» (ئى اللّٰه! ياشانغان ۋاقتىمدا ۋە ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان چاغدا رىزقىمنى كەڭ قىلغىن)①.

72. «اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِىْ ذَنْبِىْ وَوَسِّعْ لِىْ فِىْ دَارِىْ وَبَارِكْ لِىْ فِىْ رِزْقِىْ» (ئى اللّٰه! گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلغىن، گۆرۈمنى كەڭ قىلغىن، ماڭا بەرگەن رىزىقتا بەرىكەت ئاتا قىلغىن)②.

73. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ وَرَحْمَتِكَ فَاِنَّهُ لَا يَمْلِكُهَا اِلَّآ اَنْتَ» (ئى اللّٰه! مەن سېنىڭ پەزلىڭنى ۋە رەھمىتىڭنى سورايمەن، ھەقىقەتەن ئۇ پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىدۇر)③.

74. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ التَّرَدِّىْ وَالْهَدْمِ وَالْغَرْقِ وَالْحَرْقِ، وَاَعُوْذُ بِكَ اَنْ يَّتَخَبَّطَنِىَ الشَّيْطَانُ عِنْدَ الْمَوْتِ، وَاَعُوْذُ بِكَ اَنْ اَمُوْتَ فِىْ سَبِيْلِكَ مُدْبِرًا، وَاَعُوْذُ بِكَ اَنْ اَمُوْتَ لَدِيْغًا» (ئى اللّٰه! ساڭا سېغىنىپ (تاغقا ئوخشاش ئېگىز) جايدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈشتىن، (تامغا ئوخشاش) بىرەر نەرسە بېسىۋېلىپ ئۆلۈشتىن، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلۈشتىن، (ئوتتا) كۆيۈپ ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ ئۆلىدىغان چاغدا مېنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا

① ھاكىم رىۋايىتى.
② ئەھمەد رىۋايىتى.
③ تىبرانى رىۋايىتى.

سىغىنىپ سېنىڭ يولۇڭدا ئارقىغا چېكىنىپ ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سىغىنىپ (يىلان، چايانغا ئوخشاش) زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ چېقىۋېلىشى بىلەن ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن)①.

75. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْجُوْعِ فَاِنَّهُ بِئْسَ الضَّجِيْعُ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْخِيَانَةِ فَاِنَّهَا بِئْسَتِ الْبِطَانَةُ» (ئى اللهّٰ! ساڭا سىغىنىپ ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ئاچ قېلىش نېمىدېگەن يامان! ساڭا سىغىنىپ خىيانەتتىن پاناھ تىلەيمەن، خىيانەت نېمىدېگەن يامان!)②.

76. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَالْقَسْوَةِ وَالْغَفْلَةِ وَالْعَيْلَةِ وَالذِّلَّةِ وَالْمَسْكَنَةِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْفَقْرِ وَالْكُفْرِ وَالْفُسُوْقِ وَالشِّقَاقِ وَالنِّفَاقِ وَالسُّمْعَةِ وَالرِّيَآءِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ الصَّمَمِ وَالْبَكَمِ وَالْجُنُوْنِ وَالْجُذَامِ وَالْبَرَصِ وَسَيِّءِ الْاَسْقَامِ» (ئى اللهّٰ! ساڭا سىغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، دىلنىڭ قەساۋەتلىشىپ كېتىشىدىن، غاپىللىقتىن، يوقسۇزلۇقتىن، خارلىقتىن، پېقىرچىلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سىغىنىپ كەمبەغەللىكتىن، كۇپۇرىدىن، پاسىقلىقتىن، ئىناقسىزلىقتىن، مۇناپىقلىقتىن، دامخورلۇقتىن، رىيادىن پاناھ

① نەسائى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.



تىلەيمەن. ساڭا سىغىنىپ گاسلىقتىن، گاچىلىقتىن، ساراڭلىقتىن، جۈزام كېسىلىدىن، بەرەستىن ۋە يامان ئاغرىق سىلاقلاردىن پاناھ تىلەيمەن)①.

77. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْفَقْرِ وَالْقِلَّةِ وَالذِّلَّةِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ اَنْ اَظْلِمَ اَوْ اُظْلَمَ» (ئى اللهّٰ! ساڭا سىغىنىپ پېقىرلىقتىن، ئازلىقتىن، خارلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سىغىنىپ زۇلۇم قىلىشىمدىن ياكى زۇلۇم قىلىنىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن)②.

78. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ قَلْبٍ لَّا يَخْشَعُ وَمِنْ دُعَآءٍ لَّا يُسْمَعُ وَمِنْ نَفْسٍ لَّا تَشْبَعُ وَمِنْ عِلْمٍ لَّا يَنْفَعُ، اَعُوْذُ بِكَ مِنْ هٰؤُلَآءِ الْاَرْبَعِ» (ئى اللهّٰ! ساڭا سىغىنىپ تەزەررۇ قىلماس دىلدىن، قوبۇل بولماس دۇئادىن، تويماس نەپسىدىن، پايدىسىز ئىلمىدىن پاناھ تىلەيمەن، مۇشۇ تۆتىدىن پاناھ تىلەيمەن)③.

79. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ الْجَنَّةَ وَاَسْتَجِيْرُ بِكَ مِنَ النَّارِ» (ئى اللهّٰ! مەن ھەقىقەتەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن. ساڭا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن) ④. (ئۈچ قېتىم)

80. «اَللّٰهُمَّ فَقِّهْنِىْ فِى الدِّيْنِ» (ئى اللهّٰ! مېنى دىننى ئىلمىلەرگە ئالىم قىلغىن)⑤.

① ھاكىم، بەيھەقى رىۋايىتى.
② نەسائى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
③ تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
④ تىرمىزى، نەسائى رىۋايىتى.
⑤ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



81. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ اَنْ اُشْرِكَ بِكَ وَاَنَا اَعْلَمُ وَاَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لَآ اَعْلَمُ» (ئى الله! مەن ھەقىقەتەن ساڭا سىغىنىپ بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمەن، بىلمەستىن قىلىپ سالغانلىرىم ئۈچۈن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن)①.

82. «اَللّٰهُمَّ انْفَعْنِىْ بِمَا عَلَّمْتَنِىْ وَعَلِّمْنِىْ مَا يَنْفَعُنِىْ وَزِدْنِىْ عِلْمًا» (ئى الله! ماڭا بىلدۈرگەن نەرسەڭدىن مېنى پايدىلاندۇرغىن، ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن ۋە ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن)②.

83. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا وَرِزْقًا طَيِّبًا وَعَمَلًا مُتَقَبَّلًا» (ئى الله! سەندىن پايدىلىق ئىلىمنى، پاك رىزىقنى، قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى سورايمەن)③.

84. «رَبِّ اغْفِرْ لِىْ وَتُبْ عَلَىَّ اِنَّكَ اَنْتَ التَّوَّابُ الْغَفُوْرُ» (پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغفىرەت قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سەن تەۋبىنى تولىمۇ قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى زاتسەن)④.

① ئەھمەد رىۋايىتى.
② ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
③ ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
④ ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى رىۋايىتى.



85. «اَللّٰهُمَّ طَهِّرْنِىْ مِنَ الذُّنُوْبِ وَالْخَطَايَا، اَللّٰهُمَّ نَقِّنِىْ مِنْهَا كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْاَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ، اَللّٰهُمَّ طَهِّرْنِىْ بِالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ وَالْمَآءِ الْبَارِدِ» (ئى الله! مېنى گۇناھلاردىن ۋە خاتالىقلاردىن پاك قىلغىن. مېنى ئۇلاردىن خۇددى ئاق كىيىمنى كىردىن تازىلىغاندەك تازىلىغىن. ئى الله! مېنى قار بىلەن، مۆلدۈر بىلەن ۋە سوغۇق سۇ بىلەن تازىلىغىن)①.

86. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْبُخْلِ وَالْجُبْنِ وَسُوٓءِ الْعُمُرِ وَفِتْنَةِ الصَّدْرِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ» (ئى الله! ساڭا سىغىنىپ بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، خارلىقتا قالىدىغان ئۆمۈردىن، قەلب پىتنىسىدىن، گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن)②.

87. «اَللّٰهُمَّ رَبَّ جِبْرَائِيْلَ وَمِيْكَائِيْلَ وَرَبَّ اِسْرَافِيْلَ، اَعُوْذُ بِكَ مِنْ حَرِّ النَّارِ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ» (ئى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ، مىكائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارى! ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان الله! ساڭا سىغىنىپ دوزاخنىڭ ھارارىتىدىن ۋە گۆرنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن)③.

88. «اَللّٰهُمَّ اَلْهِمْنِىْ رُشْدِىْ وَاَعِذْنِىْ مِنْ شَرِّ نَفْسِىْ» (ئى الله! ھىدايەت تېپىشىمنى كۆڭلۈمگە سالغىن، مېنى نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن)④.

① تىرمىزى رىۋايىتى.
② نەسائى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
③ نەسائى رىۋايىتى.
④ ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايىتى.

89. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لَّا يَنْفَعُ» (ئى اللهّٰ! مەن راستىنلا سەندىن پايدىلىق ئىلىمنى سورايمەن. ساڭا سىغىنىپ پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن)①.

90. «اَللّٰهُمَّ رَبَّ السَّمٰوٰاتِ السَّبْعِ وَرَبَّ الْاَرْضِ وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ، رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ فَالِقَ الْحَبِّ وَالنَّوٰى وَمُنْزِلَ التَّوْرٰيةِ وَالْإِنْجِيْلِ وَالْفُرْقَانِ، اَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ اَنْتَ اٰخِذٌ بِنَاصِيَتِهٖ، اَللّٰهُمَّ اَنْتَ الْاَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ وَاَنْتَ الْاٰخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ وَاَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ وَاَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُوْنَكَ شَيْءٌ، اِقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ وَاَغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ» (ئى يەتتە ئاسماننىڭ پەرۋەردىگارى! ئى زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى! ئى ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى! بىزنىڭ ۋە ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى! دانلارنى ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى! تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئانلارنى نازىل قىلغۇچى اللهّٰ! ساڭا سىغىنىپ سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللهّٰ! سېنىڭ ئىپتىدائىڭ يوقتۇر، سەندىن بۇرۇن ھېچ نەرسە بولغان ئەمەس. سېنىڭ ئىنتىھايىڭ يوقتۇر، سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە بولمايدۇ. سەن ئاشكارىدۇرسەنكى، سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھېچ نەرسە يوقتۇر، سەن مەخپىيدۇرسەن (سېنى

① ئىبنى ماجە رىۋايىتى.



كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچ نەرسە يوقتۇر، بىزنى قەرزدىن خالاس قىلغىن، بىزنى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزۇپ باي قىلغىن)①.

91. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ خَيْرَ الْمَسْأَلَةِ وَخَيْرَ الدُّعَآءِ وَخَيْرَ النَّجَاحِ وَخَيْرَ الْعَمَلِ وَخَيْرَ الثَّوَابِ وَخَيْرَ الْحَيَاةِ وَخَيْرَ الْمَمَاتِ وَثَبِّتْنِىْ وَثَقِّلْ مَوَازِيْنِىْ وَحَقِّقْ اِيْمَانِىْ وَارْفَعْ دَرَجَاتِىْ وَتَقَبَّلْ صَلٰوتِىْ وَاغْفِرْ خَطِيْئَتِىْ، وَاَسْئَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلٰى مِنَ الْجَنَّةِ، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ فَوَاتِحَ الْخَيْرِ وَخَوَاتِمَهٗ وَجَوَامِعَهٗ وَاَوَّلَهٗ وَظَاهِرَهٗ وَبَاطِنَهٗ وَالدَّرَجَاتِ الْعُلٰى مِنَ الْجَنَّةِ (اٰمِيْنْ)، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ خَيْرَ مَآ اٰتِىْ وَخَيْرَ مَآ اَفْعَلُ وَخَيْرَ مَآ اَعْمَلُ وَخَيْرَ مَا بَطَنَ وَخَيْرَ مَا ظَهَرَ وَالدَّرَجَاتِ الْعُلٰى مِنَ الْجَنَّةِ (اٰمِيْنْ)، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ اَنْ تَرْفَعَ ذِكْرِىْ وَتَضَعَ وِزْرِىْ وَتُصْلِحَ اَمْرِىْ وَتُطَهِّرَ قَلْبِىْ وَتُحْصِنَ فَرْجِىْ وَتُنَوِّرَ قَلْبِىْ وَتَغْفِرَ لِىْ ذَنْبِىْ، وَاَسْئَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلٰى مِنَ الْجَنَّةِ (اٰمِيْنْ)، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ اَنْ تُبَارِكَ فِىْ نَفْسِىْ وَفِىْ سَمْعِىْ وَفِىْ بَصَرِىْ وَفِىْ رُوْحِىْ وَفِىْ خَلْقِىْ وَفِىْ خُلُقِىْ وَفِىْ اَهْلِىْ وَفِىْ مَحْيَايَ وَفِىْ مَمَاتِىْ وَفِىْ عَمَلِىْ فَتَقَبَّلْ حَسَنَاتِىْ، وَاَسْئَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلٰى مِنَ الْجَنَّةِ (اٰمِيْنْ)» (ئى اللهّٰ! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن ھاجەت-

① مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ـنىڭ ياخشىسىنى، دۇئانىڭ ياخشىسىنى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ياخشىسىنى، ئىشنىڭ ياخشىسىنى، ئەمەلنىڭ ياخشىسىنى، ساۋابنىڭ ياخشىسىنى، ھاياتنىڭ ياخشىسىنى، ئۆلۈمنىڭ ياخشىسىنى تىلەيمەن. مېنىڭ (ئىمانىمنى) مۇستەھكەم قىلغىن، (ئەمەللىرىمنى تارتىدىغان) تارازىنى ئېغىر قىلغىن، ئىمانىمنى راست قىلغىن، دەرىجىلىرىمنى ئۈستۈن قىلغىن، نامىزىمنى قوبۇل قىلغىن، خاتالىقىمنى كەچۈرگىن، سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىدىن سورايمەن. ئى الله! ياخشىلىقلارنىڭ دەسلەپپىنى، تۈگەنچىسىنى، غوللۇقلىرىنى، ئىچكى ۋە تاشقىلىرىنى، جەننەتنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىرىنى سورايمەن، ئامىن!

ئى الله! مەن ھەققەتەن سەندىن قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ ياخشىلىرىنى، ئۇلارنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا بولغانلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى، جەننەتنىڭ ئۈستۈن ماقاملىرىنى تىلەيمەن. ئى الله! مەن ھەققەتەن سەندىن نامىمنى يۇقىرى قىلىشىڭنى، گۇناھىمنى تۆۋەن قىلىشىڭنى، ئىشىمنى ياخشىلىشىڭنى، قەلبىمنى پاك قىلىشىڭنى، ئەۋرىتىمنى ئىپپەتلىك قىلىشىڭنى، دىلىمنى نۇرلاندۇرۇشۇڭنى، گۇناھىمنى كەچۈرۈشۈڭنى ۋە جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى تىلەيمەن، ئامىن!



ئى الله! مەن ھەققەتەن سەندىن نەپسىمگە، قۇلىقىمغا، كۆزۈمگە، روھىمغا، يارىتىلىشىمغا، ئەخلاقىمغا، ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىمغا، ھايات ـ ماماتلىقىمغا ۋە ئەمەللىرىمگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن، مېنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمنى قوبۇل قىلغىن، سەندىن جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىنى سورايمەن، ئامىن!)①.

92. «اَللّٰهُمَّ حَاسِبْنِىْ حِسَابًا يَّسِيْرًا» (ئى الله! مېنىڭ ھېسابىمنى ئاسان قىلغىن)②.

93. «اَللّٰهُمَّ اَعِنَّا عَلٰى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ» (ئى الله! سېنى زىكرى قىلىشىمىزغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمىزغا ۋە ساڭا ياخشى قۇلچىلىق قىلىشىمىزغا يار ـ يۆلەكتە بولغىن)③.

94. «اَللّٰهُمَّ اِنِّىْٓ اَسْئَلُكَ اِيْمَانًا لَّا يَرْتَدُّ وَنَعِيْمًا لَّا يَنْفَدُ وَمُرَافَقَةَ مُحَمَّدٍ فِىْٓ اَعْلٰى جَنَّةِ الْخُلْدِ» (ئى الله! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن چېكىنمەس ئىمانىنى، تۈگىمەس نېئمەتنى، مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن)④.

① ھاكىم رىۋايىتى.
② ئەھمەد، ھاكىم رىۋايىتى.
③ ھاكىم رىۋايىتى.
④ ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

95. «اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الْعَدُوِّ وَشَمَاتَةِ الْاَعْدَآءِ» (ئى اﷲ! ساڭا سېغىنىپ قەرزنىڭ بېسىۋېلىشىدىن، دۈشمەننىڭ غالىب بولۇشىدىن، دۈشمەنلەرنى خۇش قىلىدىغان ئىشقا دۇچار بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن)[1].

96. «اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِیْ وَاهْدِنِیْ وَارْزُقْنِیْ وَعَافِنِیْ، اَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ ضِيْقِ الْمُقَامِ يَوْمَ الْقِيٰمَةِ» (ئى اﷲ! مېنى مەغفىرەت قىلغىن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن، مېنى ئامان قىلغىن. ئى اﷲ! ساڭا سېغىنىپ قىيامەت كۈنىدە ئورنۇمنىڭ تار بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن)[2].

97. «اَللّٰهُمَّ زِدْنَا وَلَا تَنْقُصْنَا وَاَكْرِمْنَا وَلَا تُهِنَّا وَاَعْطِنَا وَلَا تَحْرِمْنَا وَاٰثِرْنَا وَلَا تُؤْثِرْ عَلَيْنَا وَاَرْضِنَا وَارْضَ عَنَّا» (ئى اﷲ! بىزگە بەرگىنىڭنى زىيادە قىلغىن، كېمەيتىۋەتمىگىن. بىزنى ئەزىز قىلغىن، خار قىلمىغىن. بىزگە ئاتا قىلغىن، مەھرۇم قىلمىغىن. بىزنى ئۈستۈن قىلغىن، تۆۋەن قىلمىغىن. بىزنى مەمنۇن قىلغىن، بىزدىن رازى بولغىن)[3].

98. «اَللّٰهُمَّ ثَبِّتْنِیْ وَاجْعَلْنِیْ هَادِيًا مَهْدِيًّا» (ئى اﷲ! مېنى (ئىسلام يولىدا) مۇستەھكەم قىلغىن، مېنى توغرا يولغا باشلىغۇچى ھەم ھىدايەت بېرىلگۈچى قىلغىن)[4].

[1] نەسائى رىۋايىتى.
[2] نەسائى رىۋايىتى.
[3] تىرمىزى رىۋايىتى.
[4] بۇخارى رىۋايىتى.



99. «اَللّٰهُمَّ اٰتِنِی الْحِكْمَةَ الَّتِیْ مَنْ اُوْتِيَهَا فَقَدْ اُوْتِیَ خَيْرًا كَثِيْرًا» (ئى اﷲ! ماڭا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغىنكى، كىمگە ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلىنسا، ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ)[1].

## سۈبھى ۋاقتى كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَصْبَحْنَا وَاَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ، اَللّٰهُمَّ اِنِّیٓ اَسْئَلُكَ خَيْرَ هٰذَا الْيَوْمِ فَتْحَهٗ وَنَصْرَهٗ وَنُوْرَهٗ وَبَرَكَتَهٗ وَهُدَاهُ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِيْهِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهٗ» (بىز ۋە ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲ ئۈچۈن بولغان بارلىق مۇلۇك تاڭ ئاتتۇردى. ئى اﷲ! سېنىڭدىن مۇشۇ كۈننىڭ ياخشىلىقىنى، يەنى شۇ كۈننىڭ غەلىبىلىكىنى، شۇ كۈننىڭ نۇسرىتىنى، شۇ كۈننىڭ نۇر، بەرىكەت ۋە ھىدايىتىنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ شۇ كۈننىڭ ئىچىدە بولىدىغان ۋە شۇ كۈندىن كېيىن بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)[2].

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ بِكَ اَصْبَحْنَا وَبِكَ اَمْسَيْنَا وَبِكَ نَحْيٰى وَبِكَ نَمُوْتُ وَاِلَيْكَ الْمَصِيْرُ» (ئى اﷲ! بىز سېنىڭ

[1] تۈزگۈچى ئەبۇ ئالىيە بۇ دۇئالارنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەر ئارىسىدىن سۈزۈپ ئېلىپ رەتلەپ چىقتى.
[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

قۇدرىتىڭ بىلەن تاڭ ئاتتۇردۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تىرىلىمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر)①.

## كۈن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىْ اَقَالَنَا يَوْمَنَا هٰذَا وَلَمْ يُهْلِكْنَا بِذُنُوْبِنَا» (جىمى ھەمدۇ-سانا بىزنى مۇشۇ كۈنىمىزدە كەچۈرۈم قىلغان ۋە گۇناھلىرىمىزنىڭ سەۋەبى بىلەن ھالاك قىلمىغان اللە ئۈچۈندۇر)②.

## كەچ ۋاقتى كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَمْسَيْنَا وَاَمْسَى الْمُلْكُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ، اَللّٰهُمَّ اِنِّىْ اَسْئَلُكَ خَيْرَ هٰذِهِ اللَّيْلَةِ فَتْحَهَا وَنَصْرَهَا وَنُوْرَهَا وَبَرَكَتَهَا وَهُدَاهَا، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِيْهَا وَشَرِّ مَا بَعْدَهَا» (بىز ۋە ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈن بولغان بارلىق مۈلۈك كەچ قىلدى. ئى اللە! مەن سېنىڭ-

① تىرمىزى رىۋايىتى.
② مۇسلىم رىۋايىتى.



-دىن مۇشۇ كېچىنىڭ ياخشىلىقىنى، يەنى شۇ كېچىنىڭ غەلىبىلىكىنى، شۇ كېچىنىڭ نۇسرىتىنى، شۇ كېچىنىڭ نۇرىنى، بەرىكىتىنى ۋە ھىدايىتىنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ شۇ كېچىدە بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ۋە شۇ كېچىدىن كېيىن بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)①.

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ بِكَ اَمْسَيْنَا وَبِكَ اَصْبَحْنَا وَبِكَ نَحْيٰى وَبِكَ نَمُوْتُ وَاِلَيْكَ النُّشُوْرُ» (ئى اللە! بىز سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تاڭ ئاتتۇردۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تىرىلىمىز، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز ۋە ئۆلگەندىن كېيىن يەنە سەن تىرىلدۈرىسەن)②.

## شام نامىزىنىڭ ئەزىنى چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اِنَّ هٰذَا اِقْبَالُ لَيْلِكَ وَاِدْبَارُ نَهَارِكَ وَاَصْوَاتُ دُعَاتِكَ فَاغْفِرْ لِىْ» (ئى اللە! بۇ كېچەڭنىڭ كېلىش، كۈندۈزۈڭنىڭ كېتىش ۋاقتىدۇر ۋە ساڭا ئەزان توۋلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازىدۇر، مېنى كەچۈرۈم قىلغىن)③.

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② تىرمىزى رىۋايىتى.
③ «مىشكات».

## ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇيدىغان دۇئا

1) ھەزرىتى ئوسمان (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەندە ھەر ئەتىگەن ـ ئاخشامدا بۇ كەلىمىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇۋالسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە زىيان قىلمايدۇ. بۇ كەلىمە: ‹بِسْمِ اللهِ الَّذِىْ لَا يَضُرُّ مَعَ اسْمِهٖ شَيْءٌ فِى الْاَرْضِ وَلَا فِى السَّمَآءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ› (اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، اللهنىڭ ئىسمى بار يەردە زېمىن ۋە ئاسماندىكى ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر)»[①].

ئەبۇ داۋۇد شەرىفتىكى رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: كىمكى بۇ كەلىمىنى ئاخشىمى ئوقۇسا، تاڭ ئاتقۇچە تۇيۇقسىز بولىدىغان بالا ـ قازادىن ئەمىن بولىدۇ. كىمكى بۇ كەلىمىنى ئەتىگەندە ئوقۇسا، كەچ كىرگۈچە ئۇشتۇمتۇت بولىدىغان بالا ـ قازادىن ئەمىن بولىدۇ[②].

2) ھەزرىتى ئىبنى ئابباس (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

① تىرمىزى رىۋايىتى.
② «مىشكات».



مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: «كىمكى ئەتىگەندە سۈرە رۇمنىڭ تۆۋەندىكى بۇ ئۈچ ئايىتىنى ئوقۇسا، شۇ كۈندىكى ئوقۇيالماي قالغان ۋەزىپىلىرىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. كىمكى بۇ ئايەتنى كەچقۇرۇنلۇقتا ئوقۇسا (كېچىدىكى) قېپقالغان ۋەزىپىلىرىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ»[①]. بۇ ئۈچ ئايەت تۆۋەندىكىچە: ﴿ فَسُبۡحَٰنَ ٱللَّهِ حِينَ تُمۡسُونَ وَحِينَ تُصۡبِحُونَ ﴿١٧﴾ وَلَهُ ٱلۡحَمۡدُ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَعَشِيّٗا وَحِينَ تُظۡهِرُونَ ﴿١٨﴾ يُخۡرِجُ ٱلۡحَيَّ مِنَ ٱلۡمَيِّتِ وَيُخۡرِجُ ٱلۡمَيِّتَ مِنَ ٱلۡحَيِّ وَيُحۡيِ ٱلۡأَرۡضَ بَعۡدَ مَوۡتِهَاۚ وَكَذَٰلِكَ تُخۡرَجُونَ ﴿١٩﴾ ﴾ «سىلەر ئاخشامدا ۋە ئەتىگەندە اللهقا تەسبىھ ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى ھەمدۇ ـ سانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇ ـ سانانىڭ ھەممىسى اللهقا خاستۇر. الله جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ. ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قۇرغاق زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، سىلەرمۇ مۇشۇنداق تىرىلدۈرۈلىسىلەر»[②].

3) ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② 30 ـ سۈرە رۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەتىگەندە سۈرە مۇئمىننىڭ باشتىكى ئايەتلىرىنى ۋە ‹ئايەتۇل كۇرسىي›نى ئوقۇسا، كەچكىچە بالا-قازادىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كىمكى بۇ ئايەتلەرنى كەچقۇرۇنلۇقتا ئوقۇسا، تاڭ ئاتقۇچە بالا-قازادىن ساقلىنىپ قالىدۇ». سۈرە مۇئمىننىڭ باشتىكى ئايەتلىرى: ﴿حمٓ ﴿١﴾ تَنزِيلُ ٱلۡكِتَٰبِ مِنَ ٱللَّهِ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ﴿٢﴾ غَافِرِ ٱلذَّنۢبِ وَقَابِلِ ٱلتَّوۡبِ شَدِيدِ ٱلۡعِقَابِ ذِي ٱلطَّوۡلِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَۖ إِلَيۡهِ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٣﴾﴾ «ھامىم (بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى اللّٰه تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. (اللّٰه) گۇناھنى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (اللّٰهنىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر، (اللّٰه) ئىنئام ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر»[①].

ئايەتۇل كۇرسىي: ﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلۡحَيُّ ٱلۡقَيُّومُۚ لَا تَأۡخُذُهُۥ سِنَةٞ وَلَا نَوۡمٞۚ لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ مَن ذَا ٱلَّذِي يَشۡفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذۡنِهِۦۚ يَعۡلَمُ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيهِمۡ وَمَا خَلۡفَهُمۡۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيۡءٖ مِّنۡ عِلۡمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَۚ وَسِعَ كُرۡسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفۡظُهُمَاۚ وَهُوَ ٱلۡعَلِيُّ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٢٥٥﴾﴾ «بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللّٰه ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ مۈگ-

① 40- سۈرە مۇئمىن.



-دەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللّٰهنىڭ (مۈلكى)دۇر. اللّٰهنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللّٰهنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن. اللّٰه ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۇچۇن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار اللّٰهنىڭ مەلۇماتىدىن (اللّٰه) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. اللّٰهنىڭ كۇرسىي (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»[①].

4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەتىگەنلىكتە تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇسا، اللّٰه شۇ كۈنى ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتلەرنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغان بولىدى. ئەگەر كەچقۇرۇنلۇقتا ئوقۇسا، شۇ كېچىسى اللّٰه ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتلەرنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغان بولىدى: ‹اَللّٰهُمَّ مَآ اَصْبَحَ بِيْ مِنْ نِّعْمَةٍ اَوْبِاَحَدٍ مِّنْ خَلْقِكَ فَمِنْكَ وَحْدَكَ لَا شَرِيْكَ لَكَ فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ› (ئى اَللّٰه! ماڭا ياكى مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرەرسىگە بېرىلگەن ھەرقانداق نېئمەت يالغۇز سەن تەرەپتىن

① 2- سۈرە بەقەرە.

بېرىلگەن بولىدۇ. سېنىڭ شېرىكىڭ يوق، بەرگەن نېئمىتىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز)»①.

ئەسكەرتىش: بۇ دۇئانى كەچقۇرۇنلۇقتا ئوقۇماقچى بولسا، «مَآ اَصْبَحَ بِیْ»نىڭ ئورنىغا «مَآ اَمْسٰى بِیْ»نى دەيدۇ.

5) ھەزرىتى سەۋبان (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: «مۇسۇلمان بەندە ئەتىگەندە ئۈچ قېتىمدىن تۆۋەندىكى كەلىمىنى ئوقۇسا الله تعالى قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەمنى رازى قىلىشقا كېپىللىك قىلىدۇ: ‹رَضِيْتُ بِاللهِ رَبًّا وَبِالْإِسْلَامِ دِيْنًا وَبِمُحَمَّدٍ نَبِيًّا› (اللهنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغانلىقىدىن، ئىسلامنىڭ دىنىم بولغانلىقىدىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىم بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇم)».

6) ھەزرىتى مەئقەلىبنى يەسار (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەتىگەنلىكتە ئۈچ قېتىم ‹اَعُوْذُ بِاللهِ السَّمِيْعِ الْعَلِيْمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ› دەپ تۆۋەندىكى سۈرە ھەشرنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتىنى ئوقۇسا، الله تعالى ئۇ ئادەم ئۈچۈن يەتمىش مىڭ پەرىشتىنى مەسئۇل قىلىدۇ. بۇ پەرىشتىلەر ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە شۇ كىشىگە رەھمەت تىلەپ تۇرىدۇ. ئەگەر شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتسە، شەھىد ھالەتتە ئۆلىدۇ.

① ئەبۇداۋۇد، نەسائى رىۋايىتى.



كىمكى كەچقۇرۇنلۇقتا بۇ ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن الله تعالى يەتمىش مىڭ پەرىشتىنى مەسئۇل قىلىدۇ، بۇ پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە شۇ كىشىگە رەھمەت تىلەپ تۇرىدۇ. ئەگەر شۇ كېچە ئۆلۈپ كەتسە شەھىد ھالىتىدە ئۆلىدۇ». بۇ ئايەتلەر بولسا:

﴿ هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِي لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَٰلِمُ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ ۖ هُوَ ٱلرَّحْمَٰنُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٢٢﴾ هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِي لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْمَلِكُ ٱلْقُدُّوسُ ٱلسَّلَٰمُ ٱلْمُؤْمِنُ ٱلْمُهَيْمِنُ ٱلْعَزِيزُ ٱلْجَبَّارُ ٱلْمُتَكَبِّرُ ۚ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٢٣﴾ هُوَ ٱللَّهُ ٱلْخَٰلِقُ ٱلْبَارِئُ ٱلْمُصَوِّرُ ۖ لَهُ ٱلْأَسْمَآءُ ٱلْحُسْنَىٰ ۚ يُسَبِّحُ لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿٢٤﴾ ﴾ «اللهتىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. اللهتىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۇئمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر. (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر. (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



(شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىغۇچىدۇر①.

8) ھەزرىتى ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھ (تابىئىي) (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بۇ ھەدىس ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەتىگەندە سۈرە ياسىننى ئوقۇسا، كەچكىچە ئۇنىڭ پۈتۈن ھاجىتى راۋا بولىدۇ»②.

مۇھىم ئۇقتا: «ھەدىس شەرىف»تە سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناس قاتارلىق ئۈچ سۈرىنى ئەتىگەن-ئاخشامدا ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ③.

## كېچىلىكتە ئوقۇيدىغان كەلىمىلەر

1) ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەر كېچىدە سۈرە ۋاقىئەنى ئوقۇسا، ئۇ ئادەمگە ھەرگىز پېقىرلىق يەتمەيدۇ»④.

① 59-سۈرە ھەشر، تىرمىزى رىۋايىتى.
② «مىشكات».
③ «ھىسن ھەسىن».
④ بەيھەقى رىۋايىتى.



2) ھەزرىتى ئوسمان (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «كىمكى كېچىدە ﴿إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ ۝١٩٠﴾دىن سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇسا، شۇ ئادەمگە كېچىچە ناماز ئوقۇغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»①.

3) ھەزرىتى جابىر (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە ئەلىف لام مىم سەجدە ۋە سۈرە مۇلكنى ئوقۇمىغىچە ئۇخلىمايتتى②.

4) سۈرە مۇلك ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سۈرە مۇلك قىيامەت كۈنى ئوقۇغۇچىغا شاپائەت قىلىدۇ»③.

5) ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (اللە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېچىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايىتى ﴿ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ﴾نى سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇسا، بۇ ئايەت شۇ ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ، يەنى ئۇ ئادەم ھەرقانداق زىياندىن ۋە بالا-قازادىن ساقلىنىپ قالىدۇ»④.

① 3-سۈرە ئال ئىمران، «مىشكات».
② تىرمىزى رىۋايىتى.
③ «مىشكات».
④ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇيدىغان كەلىمىلەر

قاچانكى ئۇخلىماقچى بولسا، تاھارەت ئېلىپ، كۆرپىسىنى ئۈچ قېتىم سۈپۈرۈپ، ئاندىن ئوڭ يېنىنى بېسىپ يېتىپ، باشنىڭ ئاستىغا ئوڭ قولىنى قويۇپ بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ قِنِىْ عَذَابَكَ يَوْمَ تَجْمَعُ عِبَادَكَ» (ئى اللّٰه! بەندىلىرىڭنى جەمئىي قىلىدىغان كۈندە مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن)①.

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «بِاسْمِكَ رَبِّىْ وَضَعْتُ جَنْبِيْ وَبِكَ اَرْفَعُهٗ اِنْ اَمْسَكْتَ نَفْسِىْ فَارْحَمْهَا وَاِنْ اَرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهٖ عِبَادَكَ الصَّالِحِيْنَ» (ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بۈيۈك نامىڭنى زىكرى قىلىپ يېنىمنى قويدۇم، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن (بۇ) يېنىمنى كۆتۈرىمەن (قوپىمەن). (ئۇخلاۋاتقىنىمدا) قەبزى روھ قىلساڭ، ماڭا رەھىم قىلغىن. ئەگەر مېنى ھايات قالدۇرساڭ، سالىھ بەندىلىرىڭنى قوغدايدىغان نەرسىلەر بىلەن قوغدىغىن)②.

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ بِاسْمِكَ اَمُوْتُ وَاَحْيٰى» (ئى اللّٰه! ياشايدىكەنمەن ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ياشايمەن، ئۆلىدىكەنمەن ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ ئۆلىمەن)③.

---

① «مىشكات»، «ھەسەن ھەسەن»، بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
② بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
③ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.



ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اَسْلَمْتُ نَفْسِىْ اِلَيْكَ وَوَجَّهْتُ وَجْهِىْ اِلَيْكَ وَفَوَّضْتُ اَمْرِىْ اِلَيْكَ وَاَلْجَأْتُ ظَهْرِىْ اِلَيْكَ رَغْبَةً وَرَهْبَةً اِلَيْكَ لَا مَلْجَأَ وَلَا مَنْجَا مِنْكَ اِلَّا اِلَيْكَ اٰمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِىْ اَنْزَلْتَ وَبِنَبِيِّكَ الَّذِىْ اَرْسَلْتَ» (ئى اللّٰه! ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، سەن تەرەپكە يۈزلەندىم، ئىشىمنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم، نېئمەتلىرىڭگە رىغبەتلەنگەن ۋە سەندىن قورققان ھالدا ساڭا تاياندىم، سەندىن باشقا ھېچقانداق پاناھ جاي ۋە نىجات تاپىدىغان جاي يوق، نازىل قىلغان كىتابىڭغا ئىمان كەلتۈردۈم، ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىشەندىم).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىگە بۇ دۇئانى ئۇقتۇرۇپ بولۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ دۇئانى ئوقۇغاندىن كېيىن ناۋادا شۇ كېچىدە ساڭا ئۆلۈم كەلسە ئىسلام دىنى ئۈستىدە ئۆلىسەن. ئەگەر ئەتىگىنى سالامەت ئويغانساڭ ساڭا خەيرىيەت نېسىپ بولىدۇ»①.

ھەزرىتى ئەنەس (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: «سەن كۆرپەڭگە يېنىڭنى قويغاندا سۈرە فاتىھە ۋە سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇساڭ ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن ئەمىن بولىسەن»②.

---

① «مىشكات».
② «ھەسەن ھەسەن»، بەززار رىۋايىتى.

بىر ساھابە ئىلتىماس قىلدىكى، «ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئۇخلايدىغاندا ئوقۇيدىغان بىرەر نەرسىنى بىلدۈرۈپ قويساڭ؟». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «سۈرە كافىرۇننى ئوقۇغىن. چۈنكى ئۇنىڭدا شېرىكتىن بىزار ئىكەنلىكنى ئېلان قىلىش بار»①.

بەزى ھەدىسلەردە مۇنداق كېلىدۇ: «بۇلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىرەرسىگە گەپ قىلمىغاي (ئوقۇپلا ئۇخلىغاي)»②.

ھەزرىتى ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئاخشىمى (ئۇخلايدىغاندا) كۆرپىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلسا، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسنى ئوقۇپ ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىغا دەم قىلىپ پۈتۈن بەدىنىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تىرىشىپ بېشىنى ۋە يۈزىنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ ئۈچ قېتىم سىلايتتى③.

بۇنىڭدىن باشقا «سُبْحَانَ اللهِ»نى 33 قېتىم، «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ»نى 33 قېتىم، «اَللهُ اَكْبَرُ»نى 34 قېتىم ئوقۇش④ ۋە «ئايەتۇل كۇرسىي»نىمۇ ئوقۇش لازىم. بۇنى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن الله تەرىپىدىن كېچىچە ساقلايدىغان بىر مۇھاپىزەتچى پەرىشتە مەسئۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەمگە شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ⑤.

---

① ترمىزى رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
④ «مەشكات».
⑤ بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇنىمۇ ئۈچ قېتىم ئوقۇش لازىم: «اَسْتَغْفِرُ اللهَ الَّذِىْ لَآ اِلٰهَ اِلَّا هُوَ الْحَىُّ الْقَيُّوْمُ وَاَتُوْبُ اِلَيْهِ». بۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئاخشىمى ئۇخلايدىغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىگە باراۋەر كەلگۈدەك گۇناھى بولسىمۇ، جىمى گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىپ كېتىدۇ.

**مۇھىم نۇقتا:** «ئاخشىمى ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ دەپ ئىشىكنى تاقاڭلار ۋە ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ دەپ قاچا-قۇچىلارنىڭ ئاغزىنى يېپىڭلار، چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاڭلار»①.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۇخلىغىلى كۆرپىسىگە بارسا، بىر پەرىشتە ۋە بىر شەيتان شۇنىڭ تەرىپىگە يۈگرەپلا بارىدۇ. شەيتان دەيدۇكى، (ئويغانغاندىكى) بىدارلىقىڭ يامان بولسۇن. پەرىشتە دەيدۇكى، بىدارلىقىڭ ياخشى بولسۇن. ئەگەر ئۇ اللهنى زىكرى ئېيتىپ ئۇخلىسا، پەرىشتە كېچىچە ئۇنى قوغدايدۇ»②.

## ئۇيقۇ قاچقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ غَارَتِ النُّجُوْمُ وَهَدَاَتِ الْعُيُوْنُ وَاَنْتَ حَيٌّ قَيُّوْمٌ لَا تَأْخُذُكَ سِنَةٌ وَّلَا نَوْمٌ يَا حَيُّ يَا قَيُّوْمُ اَهْدِأْ لَيْلِي وَاَنِمْ عَيْنِي» (ئى الله!

---

① «مەشكات».
② «ھەسەن ھەسەن».

يۇلتۇزلار تارىدى، كۆزلەر ئۇيقۇغا كەتتى، سەن بولساڭ ھەمىشە تىرىكدۇرسەن، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىسەن، سەن مۈگدەپ قالمايسەن، سېنى ئۇيقۇ باسمايدۇ. ئى ھەمىشە تىرىك زات! ئى ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى زات! كېچەمنى جىمجىت قىلغىن، كۆزۈمنى ئۇيقۇغا كەتكۈزگىن)①.

## قارا باسسا ياكى ئۇيقۇلۇقدا بىر جايدا ياتالمىسا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ مِنْ غَضَبِهٖ وَعِقَابِهٖ وَشَرِّ عِبَادِهٖ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِيْنِ وَاَنْ يَّحْضُرُوْنِ» (اللەنىڭ نۇقسانسىز پۈتۈن كالامىنى سىغىنىپ اللەنىڭ غەزىپىدىن، ئازابىدىن، بەندىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن)②.

**مۇھىم نۇقتا:** ياخشى چۈش كۆرسە «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» دېسۇن، چۈشىگە بۇ كىشى ياخشى تەبىر بېرىدۇ، يامان تەبىر بەرمەيدۇ دېگەننى بايقىيالىسا، كۆرگەن چۈشىنى ئۇنىڭغا ئۆرىسۇن. ئەگەر

---
① «ھەسەن ھەسەن».
② «ھەسەن ھەسەن».



يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتسۇن ۋە يەنە بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ ياتسۇن ياكى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ ئۈچ قېتىم مۇنداق دېسۇن: «اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ وَمِنْ شَرِّ هٰذِهِ الرُّؤْيَا» (اللەقا سېغىنىپ لەئنەتگەردى شەيتاندىن ۋە بۇ يامان چۈشتىن پاناھ تىلەيمەن). يامان چۈشنى بىرسىگە ئۆرىمەسلىك لازىم. مۇشۇ ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن كۆرگەن يامان چۈش ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ①.

**دىققەت:** «ئۆز تەرىپىدىن ئويدۇرمىلارچە يالغاندىن چۈش ئۆرۈش قاتتىق گۇناھتۇر»②.

## ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىْٓ اَحْيَانَا بَعْدَ مَآ اَمَاتَنَا وَاِلَيْهِ النُّشُوْرُ» (جىمى ھەمدۇسانا بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرىدىغان اللەقا خاستۇر، قىيامەت كۈنى يەنە الله تىرىلدۈرىدۇ)③.

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىْ يُحْيِى الْمَوْتٰى وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ» (جىمى ھەمدۇسانا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان اللەقا خاستۇر، الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر)④.

---
① «مىشكات»، «ھەسەن ھەسەن».
② بۇخارى رىۋايىتى.
③ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
④ «ھەسەن ھەسەن».

## تەھەججۇد ئوقۇغىلى قوپقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ اَنْتَ قَيِّمُ السَّمٰوٰاتِ وَالْاَرْضِ وَمَنْ فِيْهِنَّ، وَلَكَ الْحَمْدُ اَنْتَ نُوْرُ السَّمٰوٰاتِ وَالْاَرْضِ وَمَنْ فِيْهِنَّ، وَلَكَ الْحَمْدُ اَنْتَ مَلِكُ السَّمٰوٰاتِ وَالْاَرْضِ وَمَنْ فِيْهِنَّ، وَلَكَ الْحَمْدُ اَنْتَ الْحَقُّ وَوَعْدُكَ الْحَقُّ وَلِقَائُكَ حَقٌّ وَقَوْلُكَ حَقٌّ وَالْجَنَّةُ حَقٌّ وَالنَّارُ حَقٌّ وَالنَّبِيُّوْنَ حَقٌّ وَمُحَمَّدٌ حَقٌّ وَالسَّاعَةُ حَقٌّ، اَللّٰهُمَّ لَكَ اَسْلَمْتُ وَبِكَ اٰمَنْتُ وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ وَاِلَيْكَ اَنَبْتُ وَبِكَ خَاصَمْتُ وَاِلَيْكَ حَاكَمْتُ فَاغْفِرْ لِىْ مَا قَدَّمْتُ وَمَآ اَخَّرْتُ وَمَآ اَسْرَرْتُ وَمَآ اَعْلَنْتُ وَمَآ اَنْتَ اَعْلَمُ بِهٖ مِنِّىْ اَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَاَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، لَآ اِلٰهَ إِلَّآ اَنْتَ وَلَآ اِلٰهَ غَيْرُكَ». (ئى الله! جىمى ھەمدۇ-سانا سەن ئۈچۈنلا، سەن ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىلەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇرسەن ۋە جىمى ھەمدۇ-سانا سەن ئۈچۈنلا. سەن ئاسمان-زېمىن ۋە بۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىلەرنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى (نۇر)دۇرسەن. جىمى ھەمدۇ-سانا سەن ئۈچۈنلا. سەن ئاسمان-زېمىن ۋە بۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىلەرنىڭ پادىشاھى (ئىگىسى)دۇرسەن. جىمى ھەمدۇ-سانا سەن ئۈچۈنلا. سەن ھەق، سېنىڭ ۋەدەڭ ھەق، سېنىڭ



ئالدىڭغا بېرىش ھەق، سېنىڭ سۆزۈڭ ھەق، جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، بارچە پەيغەمبەرلەر ھەق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەق، قىيامەت ھەق. ئى الله! ساڭا باش ئەگدىم، ساڭا ئىمان كەلتۈردۈم، ساڭا تەۋەككۈل قىلدىم، سەن تەرەپكە قايتتىم، سەن بەرگەن قۇۋۋەت بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇردۇم، سېنى ھۆكۈمران دەپ تونۇدۇم. مېنىڭ ئىلگىرى-كېيىن قىلغان گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلغىن، مېنىڭ يوشۇرۇن-ئاشكارا قىلغان گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلغىن، مېنىڭ قىلغان-ئەتكەن گۇناھلىرىمنى سەن مەندىن بەكرەك بىلىسەن، ئۇنى مەغفىرەت قىلغىن، سەن ئىلگىرلەتكۈچىدۇرسەن، سەن كېيىنلەتكۈچىدۇرسەن، سەن بەرھەق مەئبۇدتۇرسەن، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق)①.

ئاسمانغا قاراپ سۈرە ئال ئىمراننىڭ ﴿ إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ ﴿١٩٠﴾ ﴾ دېگەن ئايىتىدىن ئاخىرغىچە ئوقۇيدۇ. ئون قېتىم «اَللّٰهُ اَكْبَرُ»، ئون قېتىم «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ»، ئون قېتىم «سُبْحَانَ اللّٰهِ وبِحَمْدِه»، ئون قېتىم «سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْقُدُّوْسِ»، ئون قېتىم «اَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ»، ئون قېتىم «لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ» (كەلىمە تەييىبە) ۋە ئون قېتىم بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ ضِيْقِ الدُّنْيَا وَضِيْقِ يَوْمِ الْقِيٰمَةِ» (ئى الله! ساڭا سېغىنىپ دۇنيانىڭ قى-

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ـىينچىلىقىدىن ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ قىينچىلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئاندىن نامازغا شۇرۇ قىلىدۇ)①.

## ھاجەتخانىغا كىرىش ئالدىدا ۋە ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

ھاجەتخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ دېگەي. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەيتاننىڭ كۆزلىرى بىلەن ئىنساننىڭ جىنسىي ئەزاسى (ئەۋرەت يوللىرى) ئارىلىقىدا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ پەردە بولۇپ تۇرىدۇ». ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اِنِّيۤ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْخُبُثِ وَالْخَبَائِثِ» (ئى الله! ساڭا سېغىنىپ ئەركەك-چىشى جىن-شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن).

ھاجەتخانىدىن چىقسا «غُفْرَانَكَ» دەپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِيۤ اَذْهَبَ عَنِّى الْاَذٰى وَعَافَانِىْ» (جىمى ھەمدۇسانا مەندىن ئازارنى كەتكۈزگەن ۋە ماڭا راھەت بەرگەن اللهقا خاستۇر). «غُفْرَانَكَ» (ئى الله! سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن)②.

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② «مىشكات».



## تاھارەت ئالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

قاچانكى تاھارەت ئېلىشنى باشلىسا، ئالدى بىلەن ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دېگەي.

ھەدىستە كېلىدۇكى، ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ دېمىگەن ئادەمگە (كامىل) تاھارەت يوق»①.

«اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ ذَنْبِيْ وَوَسِّعْ لِيْ فِيْ دَارِيْ وَبَارِكْ لِيْ فِيْ رِزْقِيْ» (ئى الله! گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلغىن، گۆرۈمنى كەڭ قىلغىن، رىزقىمغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن)②.

تاھارەت ئېلىپ بولسا، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَشْهَدُ اَنْ لَّآ اِلٰهَ اِلَّا اللهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهٗ وَرَسُوْلُهٗ» (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىدۇر).

بۇ كەلىمىنى تاھارەتتىن كېيىن ئوقۇغۇچى ئۈچۈن سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كېتىدۇ، بۇ ئىشىكلەرنىڭ خالىغىنىدىن كىرىدۇ)③.

① «مىشكات».
② نەسائى رىۋايىتى.
③ «مىشكات».

بەزى ھەدىسلەردە بۇ كەلىمىنى تاھارەتتىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئوقۇيدىغانلىقى كېلىدۇ①.

ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِىْ مِنَ التَّوَّابِيْنَ وَاجْعَلْنِىْ مِنَ الْمُتَطَهِّرِيْنَ» (ئى اللہ! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلار قاتارىدا ۋە پاك يۈرگۈچىلەر قاتارىدا قىلغىن)②.

بۇ دۇئانىمۇ ئوقۇيدۇ: «سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ اَشْهَدُ اَنْ لَّآ اِلٰهَ اِلَّآ اَنْتَ اَسْتَغْفِرُكَ وَاَتُوْبُ اِلَيْكَ» (ئى اللہ! سەن پاكتۇرسەن، ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن، سەندىن باشقا مەئبۇد يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن، سېنىڭ ئالدىڭدا تەۋبە قىلىمەن)③.

## بامدات ناماز ئۈچۈن مەسجىدكە چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِىْ قَلْبِىْ نُوْرًا وَفِىْ بَصَرِىْ نُوْرًا وَفِىْ سَمْعِىْ نُوْرًا وَعَنْ يَمِيْنِىْ نُوْرًا وَعَنْ شِمَالِىْ نُوْرًا وَاجْعَلْ لِّىْ نُوْرًا وَفِىْ عَصَبِىْ نُوْرًا وَفِىْ لَحْمِىْ نُوْرًا وَفِىْ دَمِىْ نُوْرًا وَفِىْ شَعْرِىْ نُوْرًا وَفِىْ بَشَرِىْ نُوْرًا وَفِىْ لِسَانِىْ نُوْرًا وَاجْعَلْ فِىْ نَفْسِىْ نُوْرًا وَاَعْظِمْ لِىْ

① «ھىسن ھەسىن».
② «ھىسن ھەسىن».
③ مۇستەدرەك رىۋايىتى.



نُوْرًا وَاجْعَلْنِىْ نُوْرًا وَاجْعَلْ مِنْ خَلْفِىْ نُوْرًا وَمِنْ اَمَامِىْ نُوْرًا وَاجْعَلْ مِنْ فَوْقِىْ نُوْرًا وَمِنْ تَحْتِىْ نُوْرًا، اَللّٰهُمَّ اَعْطِنِىْ نُوْرًا» (ئى اللہ! قەلبىمنى نۇرلۇق قىلغىن، كۆزۈم ۋە قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمنى سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ماڭا نۇر ئاتا قىلغىن، نېرۋام، گۆشۈم، قېنىم، تۈكۈم، تېرەم، تىلىمنى نۇرلۇق قىلغىن، نەپسىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ماڭا ئەڭ چوڭ نۇر ئاتا قىلغىن، مېنى نۇرلۇق قىلغىن، ئارقامدىن، ئالدىمدىن نۇر ئاتا قىلغىن، ئۈستۈمدىن، ئاستىمدىن نۇر ئاتا قىلغىن، ئى اللہ! ماڭا نۇر ئاتا قىلغىن)①.

## مەسجىدكە كىرىش دۇئاسى

مەسجىدكە كىرمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام يوللىۋېتىپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «رَبِّ اغْفِرْ لِىْ ذُنُوْبِىْ وَافْتَحْ لِىْ اَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» (پەرۋەردىگارىم گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئېچىۋەتكىن)②.

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِىَ اَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» (ئى اللہ! مەن ئۈچۈن رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئېچىۋەتكىن)③.

① «ھىسن ھەسىن».
② «مىشكات».
③ «مىشكات».

مەسجىدتە نامازنىڭ سىرتىدا بۇ كەلىمىنى ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ: «سُبْحَانَ اللّٰهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ اَكْبَرُ» (اللّٰه پاكتۇر، جىمى ھەمدۇ-سانا اللّٰهقا خاستۇر، بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، اللّٰه ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)[1].

## مەسجىدتىن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد-سالام يوللاپ بولغاندىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «رَبِّ اغْفِرْ لِىْ ذُنُوْبِىْ وَافْتَحْ لِىَ اَبْوَابَ فَضْلِكَ» (پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، ماڭا ئۆز پەزلىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىن).

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ» (ئى اللّٰه! مەن سېنىڭ پەزلىڭنى سورايمەن)[2].

## ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَشْهَدُ اَنْ لَّآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهٗ وَرَسُوْلُهٗ، رَضِيْتُ بِاللّٰهِ رَبًّا وَبِمُحَمَّدٍ رَّسُوْلًا وَبِالْإِسْلَامِ

① «مىشكات».
② «مىشكات».



دِيْنًا» (بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، ئۇ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللّٰهنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللّٰهنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغانلىقىدىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىم بولغانلىقىدىن، ئىسلامنىڭ دىنىم بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولدۇم).

ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: «كىمكى ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ كەلىمىنى ئوقۇسا، گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ»[1].

ھەدىستە يەنە مۇنداق كېلىدۇ: «مۇئەززىن ئەزان ئوقۇغىلى تۇرغاندا، تىڭشىغۇچى شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەخپىي ئوقۇسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ»[2].

**ئەسكەرتىش:** لېكىن مۇئەززىن «حَيَّ عَلَى الصَّلٰوةِ ۋە حَيَّ عَلَى الْفَلَاحِ» دېگەندە، قۇلاق سالغۇچى ئىچىدە «لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ» دەيدۇ[3].

## ئەزان دۇئاسى

«اَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلٰوةِ الْقَآئِمَةِ اٰتِ مُحَمَّدَنِ الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَّحْمُوْدَنِ الَّذِىْ وَعَدْتَّهٗ اِنَّكَ لَا

① مۇسلىم رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ «مىشكات».

تُخْلِفُ الْمِيْعَادَ» (ئى كامىل ئەزاننىڭ ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە ئالىي مەرتىۋىنى بەرگىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا يەتكۈزگىن. شەكسىزكى، سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن).

مۇشۇ ئەزان دۇئاسىنى ئوقۇغان كىشىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى ۋاجىب بولىدۇ[1].

مۇھىم **نۇقتا:** ئەزان كەلىمىسىنى مۇئەززىنگە ئەگىشىپ مەخپىي ئوقۇغاندەك تەكبىرنىمۇ ئەگىشىپ ئوقۇيدۇ. لېكىن «قَدْ قَامَتِ الصَّلٰوةُ»نى ئاڭلىسا «اَقَامَهَا اللّٰهُ وَاَدَامَهَا» (نامازنى ئاللاھ بەرپا قىلىپ بەردى ۋە داۋاملاشتۇرۇپ بەردى) دەيدۇ[2].

مۇھىم **نۇقتا:** ئەزان دۇئاسىدىكى «وَعَدْتَّهُ» دېگەن كەلىمىگە كەلگىچە بۇخارى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ھەدىس قوللانمىلىرىنىڭ رىۋايىتىدۇر. بۇنىڭ كەينىدىكى كەلىمىلەر بەيھەقىنىڭ «سۇنەنى كەبىر»دىكى رىۋايەتلىرىدۇر[3].

ئەمما، ئەزان دۇئاسىدىكى «وَالدَّرَجَةَ الرَّفِيْعَةَ»نىڭ ھەدىستىن ئاساسى يوق.

---

[1] «مىشكات».

[2] «مىشكات».

[3] «ھىسنى ھەسىن».



www.uyghurkitap.com

## پەرز نامازنىڭ سالىمىدىن كېيىنلا ئوقۇيدىغان دۇئا

پەرز نامازنىڭ سالىمىنى بېرىپلا، ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ تۇرۇپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «بِسْمِ اللّٰهِ الَّذِىْ لَآ اِلٰهَ اِلَّا هُوَ الرَّحْمٰنُ الرَّحِيْمُ، اَللّٰهُمَّ اَذْهِبْ عَنِّىْ الْهَمَّ وَالْحُزْنَ» (اللّٰهنىڭ ئىسمى بىلەن نامىزىمنى تۈگەتتىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئى اللّٰه! مەندىن غەم-ئەندىشىنى كەتكۈزگىن)[1].

ئاندىن ئۈچ قېتىم «اَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ» دەپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ تَبَارَكْتَ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْاِكْرَامِ» (ئى اللّٰه! سەن سالامەت تۇرغۇچىدۇرسەن، سالامەتلىك سەن تەرەپتىنلا بېرىلىدۇ. ئى ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەت ئىگىسى! سەن بۈيۈك بولدۇڭ)[2].

تۆۋەندىكى دۇئالارنىڭ ئىچىدىن ھەممىنى ياكى بىر قىسمىنى ئوقۇيدۇ:

«لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ» (بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق.

---

[1] «ھىسنى ھەسىن».

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، جىمى مۈلۈك، جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر)[1].

«اَللّٰهُمَّ لَا مَانِعَ لِمَآ اَعْطَيْتَ وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ» (ئى اﷲ! سەن بەرگەن نەرسىگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، سەن بەرمىگەن نەرسىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ)[2].

«اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْبُخْلِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ اَرْذَلِ الْعُمْرِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْقَبْرِ» (ئى اﷲ! ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن)[3].

«اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ وَالْفَقْرِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ» (ئى اﷲ! ساڭا كاپىر بولۇشتىن، يوقسۇزلۇقتىن ۋە گۆر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن)[4].

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] بۇخارى رىۋايىتى.
[4] «ھەسەن ھەسەن».



«اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِىْ مَا قَدَّمْتُ وَمَآ اَخَّرْتُ وَمَآ اَسْرَرْتُ وَمَآ اَعْلَنْتُ وَمَآ اَسْرَفْتُ وَمَآ اَنْتَ اَعْلَمُ بِهِ مِنِّىٓ اَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَاَنْتَ الْمُؤَخِّرُ لَآ اِلٰهَ إِلَّآ اَنْتَ» (ئى اﷲ! مېنىڭ ئىلگىرىكى، كېيىنكى، يوشۇرۇن، ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن گۇناھلىرىمنى، مېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەن گۇناھلىرىمنى سەن مەندىن بەكرەك بىلىسەن، بۇنى مەغفىرەت قىلغىن، سەن ھەممىدىن ئىلگىرىدۇرسەن، سەن ھەممىدىن كېيىندۇرسەن، سەندىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق)[1].

«اَللّٰهُمَّ اَعِنِّىْ عَلٰى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ» (ئى اﷲ! سېنى ياد ئېتىشىمگە، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ياخشى قۇلچىلىق قىلىشىمغا يار ـ يۆلەك بولغايسەن)[2].

**مۇھىم نۇقتا:** ھەر پەرز نامازدىن كېيىن ئايەتۇل كۇرسىينى ئوقۇغان ئادەمگە قارىتا ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەر پەرز نامازدىن كېيىن ئايەتۇل كۇرسىينى ئوقۇغان ئادەمگە جەننەتكە كىرىشتىن پەقەت ئۆلۈم توسۇپ قويىدۇ (ئۆلسىلا جەننەتكە كىرىدۇ)»[3].

ھەزرىتى ئۇقبەتەبنى ئامىر (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[3] بەيھەقى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ماڭا ھەر پەرز نامازدىن كېيىن مۇئەۋۋەزاتنى ئوقۇشقا ئەمرى قىلدى. مۇئەۋۋەزات بولسا سۈرە كافىرۇن، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناستىن ئىبارەت①.

**مۇھىم نۇقتا:** ھەدىسلەردە ھەر پەرز نامازدىن كېيىن «سُبْحَانَ اللهِ»نى 33 قېتىم، «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ»نى 33 قېتىم، «اَللهُ اَكْبَرُ»نى 34 قېتىم ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. بۇنى ئوقۇشنىڭ يەنە بىر تەرتىپى مۇنداق: بۇ ئۈچ كەلىمىنى 33 قېتىمدىن ئوقۇپ، تولۇق 100 قىلىش ئۈچۈن بىر قېتىم بۇ كەلىمىنى ئوقۇيدۇ: «لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيْكَ لَهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ».

بۇنى ئوقۇشنىڭ ئۈچىنچى تەرتىپى مۇنداق: «سُبْحَانَ اللهِ»، «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ»، «اَللهُ اَكْبَرُ» ۋە «لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللهُ»نىڭ ھەر بىرىنى 25 قېتىمدىن ئوقۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ جەمئىي 100 بولىدۇ②.

ھەزرىتى ئەبۇ ئۇمامە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «قايسى دۇئا ھەممىدىن بەكرەك قوبۇللۇققا يېقىن؟» سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا: «بىرى تەھەججۇد ۋاقتىدا قىلغان دۇئا، يەنە بىرى پەرز نامازدىن كېيىن قىلغان دۇئا»، دەپ جاۋاب بەرگەن③.

① «مشكات».
② «مشكات».
③ تىرمىزى رىۋايىتى.



ۋىترى نامىزىنىڭ سالامىنى بېرىپلا ئۈچ قېتىم بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «سُبْحَانَ الْمَلِكِ الْقُدُّوْسِ» پاك پادىشاھ (الله)نى پاكلىق بىلەن ياد ئېتىمەن. ئۈچىنچى قېتىمدا «قُدُّوْسِ»تىكى دال ھەرپىنى ئاۋاز بىلەن سوزۇپ ئوقۇيدۇ①.

بۇنىمۇ ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اِنِّيْ اَعُوْذُ بِكَ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ وَبِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوْبَتِكَ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْكَ لَآ اُحْصِيْ ثَنَآءً عَلَيْكَ اَنْتَ كَمَآ اَثْنَيْتَ عَلٰى نَفْسِكَ» (ئى الله! سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەيمەن دەپ سېنى نارازى قىلىپ قويۇشتىن، سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن دەپ ئازابىڭغا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئەۋەتكەن بالايى-ئاپەت ۋە ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. مەن ساڭا سەن ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقانىدەك سانا ئېيتالمايمەن)②.

## چاشگاھ نامىزىدىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ بِكَ اُحَاوِلُ وَبِكَ اُصَاوِلُ وَبِكَ اُقَاتِلُ» (ئى الله! مەقسەتلىرىمگە يېتىشنى سەندىن تەلەپ قىلىمەن، سېنىڭ

① «ھەسىن ھەسىن».
② «ھەسىن ھەسىن».

يـاردىمىڭ بىلـەن دۈشمەنلەرگـە ھۇجـۇم قىلىمـەن، سـېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن جىھاد قىلىمەن)[1].

## بامدات ۋە شام نامىزىدىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا

ھـەزرىتى مۇسـلىم تـەيمىي (اللە ئۇنىڭدىـن رازى بولـسۇن)دىن رىۋايـەت قىلىنىدۇكى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېگـەن: «شام نـامىزىدىن پـارىغ بولۇپـلا، بىرسگـە سۆزلەشتىن بۇرۇن يەتتە قېتىم ‹اَللّٰهُمَّ اَجِرْنِىْ مِنَ النَّارِ› (ئـى اللە! مېنى دوزاختـىن ساقلىغىن) دەڭلار. سىلەر بۇنـى دېگـەندىن كېيىـن نـاۋادا شـۇ كـېچىدە سىلەرگـە ئـۆلۈم كـېلىپ قالسـا، دوزاختـىن ساقلىنىپ قالىسـىلەر. ئەگـەر بـۇ دۇئـانى بـامدات نامىزىدىن پارىغ بولۇپلا، بىرسگە سۆزلەشتىن بۇرۇن يەتتە قېتىم دېسەڭلار، ناۋادا سىلەرگە شۇ كۈندە ئۆلۈم كېلىپ قالسا، دوزاختىن ساقلىنىپ قالىسىلەر»[2].

يەنـە بىـر ھەدىسـتە پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېگەن: «بامدات ۋە شام نامـازدىن پـارىغ بولۇپـلا، تەشـەھھۇد ھـالىتىدە ئولتۇرغـان پـېتى تـۆۋەندىكى كـەلىمىنى ئـون قېـتىم

① «ھەسەن ھەسەن».
② ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.



ئوقۇسا، ھەر قېتىملىقىنىڭ بەدىلىگە ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئۇنىڭ نامە ـ ئەئمالىدىن ئون گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ، ھـەرقانداق يامان نەرسىدىن ۋە لەئنەتگەردى شەيتاندىن ساقلىنىپ قالىـدۇ، شېرىكتىن باشقا ھـەرقانداق گـۇناھى ئۇنـى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتالمايدۇ، ئۇ مۇشۇ ئەمەلنىڭ ھۆرمىتىدىن (بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلارغا نىسبەتەن) ھەممە كىشىدىن ئـەۋزەل تۇرىـدۇ. بـۇ كەلىملەر بولسا: ‹لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ يُحْيِ وَيُمِيْتُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْـرٌ› (بىـر اللّٰەتىن باشقا ھېچ مـەئبۇد بەرھـەق يـوق. ئـۇ يېگـانىدۇر، ئۇنىـڭ ھـېچ شـېرىكى يوقـتۇر. جىمـى مۈلـۈك ۋە جىمـى ھـەمدۇ ـ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر. جىمى ياخشىلىق ئۇنىڭ قۇدرەت ئىلكىدىـدۇر. ئـۇ تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە قادىردۇر)»[1].

## ئۆيگە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ خَيْرَ الْمَوْلَجِ وَخَيْرَ الْمَخْـرَجِ بِسْـمِ اللّٰهِ وَلَجْنَا بِسْمِ اللّٰهِ خَرَجْنَا وَعَلَى اللّٰهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا» (ئـى اللە! سـەندىن خەيرىلىك كىرىشنى ۋە خەيرىلىك چىقىشنى سورايمەن. بىز اللّٰەنىڭ نامىنى ئاتاپ كىردۇق، اللّٰەنىڭ نـامىنى ئاتـاپ چىقتۇق،

① ئەھمەد رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق). بۇنى دېگەندىن كېيىن ئائىلىدىكىلەرگە سالام قىلىدۇ①.

ھەزرىتى جابىر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆيىگە كىرىپ ئاللاھقا زىكرى ئېيتسا ۋە تاماق يەيدىغاندىمۇ ئاللاھقا زىكرى ئېيتسا، شەيتان دوستلىرىغا: ‹بۇ يەردە قونغىلى بولمايدۇ، بۇلارنىڭ تاماقلىرىدىن يېيىش مۇمكىن بولمايدۇ›، دەيدۇ. ئەگەر ئۆيىگە كىرىدىغاندا ئاللاھقا زىكرى ئېيتمىسا، شەيتان دوستلىرىغا: ‹سىلەرگە بۇ يەردە قونىدىغان ئورۇن تېپىلدى›، دەيدۇ. تاماق يەيدىغاندا ئاللاھقا زىكرى ئېيتمىسا، شەيتان دوستلىرىغا: ‹سىلەرگە بۇ يەردە قونىدىغان ئورۇن بىلەن بىرگە تاماقمۇ تېپىلدى›، دەيدۇ»②.

## ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللّٰهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللّٰهِ لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ» (مەن ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتاپ چىقتىم، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، گۇناھلاردىن ساقلاش، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قۇۋۋەت بېرىش پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىندۇر)③.

① «مىشكات».
② «مىشكات».
③ تىرمىزى رىۋايىتى.



ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىنسان ئۆيدىن چىقىپ يۇقىرىقى كەلىمىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭغا (غايىبانە) بىر نىدا كېلىدۇكى، سېنىڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىڭ تولۇقلىنىپ بولدى، سەن زىيانكارلىقتىن ساقلىنىپ قالىسەن. بۇ نىدانى شەيتان ئاڭلاپ ئۇنى ئازدۇرۇشتىن يانىدۇ (شەيتان ئۇنىڭغا ئازار بېرەلمەيدۇ)»①.

ئاندىن ئاسمان تەرەپكە يۈزىنى قىلىپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اِنِّيٓ اَعُوْذُ بِكَ اَنْ اَضِلَّ اَوْاُضَلَّ اَوْاَظْلِمَ اَوْاُظْلَمَ اَوْاَجْهَلَ اَوْيُجْهَلَ عَلَيَّ» (ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ گۇمراھ بولۇپ كېتىشتىن ياكى گۇمراھ قىلىنىپ كېتىشتىن، زۇلۇم قىلىپ قويۇشتىن ياكى زۇلۇم قىلىنىپ قېلىشىمدىن، بىلمەي قېلىشتىن ياكى ماڭا بىلىنمەي قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن)②.

## بازارغا كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِىْ وَيُمِيْتُ وَهُوَ حَيٌّ لَّا يَمُوْتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ» (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ يېگانىدۇر،

① تىرمىزى رىۋايىتى.
② «مىشكات».

ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، جىمى مۇلۇك ۋە جىمى ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ تىرىلدۇرىدۇ، ئۇ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن تىرىك، ئۇنىڭغا ئۆلۈم كەلمەيدۇ، جىمى ياخشىلىق ئۇنىڭ قۇدرەت ئىلكىدىدۇر، ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە قادىردۇر)[1].

ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: «بازارغا كىرگەندە بۇ كەلىمىنى ئوقۇسا الله تعالى ئۇنىڭغا نەچچە مىڭلىغان ياخشىلىق (ئىبادەتنى) يازىدۇ. ئۇنىڭ نەچچە مىڭلىغان گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىجىسىنى نەچچە مىڭ ھەسسە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتاپ جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ»[2].

## سودا قىلغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللهِ اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ خَيْرَ هٰذِه السُّوْق وَخَيْرَ مَا فِيْهَا، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَشَرِّ مَا فِيْهَا، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ اَنْ اُصِيْبَ فِيْهَا يَمِيْنًا فَاجِرَةً اَوْصَفْقَةً خَاسِرَةً» (مەن اللّٰەنىڭ نامىنى ئاتاپ كىردىم. ئى الله! سەندىن مۇشۇ بازارنىڭ ۋە مۇشۇ بازاردىكى نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ مۇشۇ بازارنىڭ ۋە مۇشۇ بازاردىكى نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ

① تىرمىزى، ئىبنى ماجە.
② تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.



تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ بۇ بازاردا يالغان قەسەم قىلىپ قېلىشىمدىن ياكى سودا-سېتىقتا زىيان تارتىپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن)[1].

**مۇھىم نۇقتا:** بازاردىن قايتقاندىن كېيىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ خالىغان يېرىدىن ئون ئايەت ئوقۇيدۇ[2].

## تاماقتىن بۇرۇن ئوقۇيدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللهِ وَعَلٰى بَرَكَةِ اللهِ» (اللّٰەنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ اللّٰەنىڭ بەرگەن بەرىكىتىدە (تاماق) يېيىشنى باشلايمەن)[3].

ئەگەر ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ﴾ دېيىشنى دەسلەپتە ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئېسىگە كەلگەن ھامان بۇ كەلىمىنى ئوقۇيدۇ: «بِسْمِ اللهِ اَوَّلَهُ وَاٰخِرَهُ» (بۇ (تاماق)نىڭ ئالدى-كەينىدە اللّٰەنىڭ نامىنى ئاتىۋالدىم)[4].

**مۇھىم نۇقتا:** تاماق يەيدىغاندا ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ﴾ دېمىسە، شەيتاننى تاماققا قاتناشتۇرغان بولىدۇ[5].

① «ھەسەن ھەسەن».
② «ھەسەن ھەسەن»، تىبرانى رىۋايىتى.
③ مۇستەدرەك رىۋايىتى.
④ تىرمىزى رىۋايىتى.
⑤ «مىشكات».

## تاماقتىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىٓ اَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ» (بىزنى ئوزۇقلاندۇرغان، بىزگە ئۇسسۇلۇق بەرگەن، بىزنى مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر)①.

ياكى بۇنى ئوقۇيدۇ: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىْ هُوَ اَشْبَعَنَا وَاَرْوَانَا وَاَنْعَمَ عَلَيْنَا وَاَفْضَلَ» (بىزنى تويغۇزغان ۋە بىزنى قاندۇرغان ۋە بىزگە ھېسابسىز نېئمەت بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر).

تاماق يەيدىغاندا «بِسْمِ اللّٰهِ وَعَلٰى بَرَكَةِ اللّٰهِ»نى ۋە تاماقتىن كېيىن «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىْ هُوَ اَشْبَعَنَا وَاَرْوَانَا وَاَنْعَمَ عَلَيْنَا وَاَفْضَلَ»نى ئوقۇسا، قىيامەت كۈنى يېگەن تائامدىن سوئال قىلىنمايدۇ②.

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيْهِ وَاَطْعِمْنَا خَيْرًا مِنْهُ» (ئى ئاللاھ! بىزگە بۇنىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلغىن ۋە بىزگە بۇنىڭدىن ياخشىراق تائام نېسىپ ئەتكىن)③.

ياكى بۇنى ئوقۇيدۇ: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىٓ اَطْعَمَنِىْ هٰذَا الطَّعَامَ وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّىْ وَلَا قُوَّةٍ» (مېنىڭ چارەمسىز ۋە كۈچ قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ تاماقنى بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر)④.

---

① ئىبنى سىننى رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ تىرمىزى رىۋايىتى.
④ «مىشكات».



داستىخاننى يىغىدىغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ حَمْدًا كَثِيْرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيْهِ غَيْرَ مَكْفِيٍّ وَلَا مُوَدَّعٍ وَلَا مُسْتَغْنًى عَنْهُ رَبَّنَا» (تۈمەن مىڭ پاك مۇبارەك بولغان ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا خاستۇر. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ تائام يېتەرلىك بولدى، ياكى بۇ تائام بىلەن خوشلاشتۇق، ياكى بۇنىڭغا مۇھتاج ئەمەس دەپ بىلمەيمىز)①.

## سۈت ئىچكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيْهِ وَزِدْنَا مِنْهُ» (ئى ئاللاھ! بىزگە بۇنىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، بىزگە بۇنى زىيادە قىلىپ بەرگىن)②.

## زىياپەت بەرگەن كىشى ھەققىدە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اَطْعِمْ مَنْ اَطْعَمَنِىْ وَاسْقِ مَنْ سَقَانِىْ» (ئى ئاللاھ! مېنى مېھمان قىلغان كىشىنى مېھمان قىلغىن، ماڭا ئۇسسۇلۇق بەرگەن كىشىگە ئۇسسۇلۇق بەرگىن)③.

---

① بۇخارى رىۋايىتى.
② تىرمىزى رىۋايىتى.
③ مۇسلىم رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياكى بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَكَلَ طَعَامَكُمُ الْاَبْرَارُ وَصَلَّتْ عَلَيْكُمُ الْمَلٰئِكَةُ وَاَفْطَرَ عِنْدَكُمُ الصَّآئِمُوْنَ» (تائامىڭلارنى ياخشىلار يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت ئوقۇدى، روزىدارلار سىلەرنىڭ ھوزۇرۇڭلاردا ئىفتار قىلدى).

بۇ كەلىمە بىلەن بىرگە ئالدىنقى دۇئانىمۇ ئوقۇيدۇ.

ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىن ئۇزايدىغاندا ئۇنىڭغا مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَهُمْ فِيْمَا رَزَقْتَهُمْ وَاغْفِرْ لَهُمْ وَارْحَمْهُمْ» (ئى اللە! ئۇلار (ساھىبخان)غا بەرگەن رىزقىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئۇلارغا مەغفىرەت قىلغىن، ئۇلارغا رەھىم قىلغىن)①.

## سۇ ئىچكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

سۇ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى ئىچكەندە ئولتۇرۇپ ئىچىشى، تۆگىدەك بىر تىنىقتا ئىچمەستىن، بەلكى ئىككى ياكى ئۈچ تىنىقتا ئىچىشى ۋە قاچىغا تىنماسلىقى ھەمدە پۈۋلىمەسلىكى لازىم. ئىچىدىغاندا ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ﴾ دېيىشى، ئىچىپ بولغاندىن كېيىن «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» دېيىشى لازىم②.

① «مىشكات».
② «مىشكات».



## زەمزەم ئىچكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا وَرِزْقًا وَاسِعًا وَشِفَآءً مِنْ كُلِّ دَآءٍ» (ئى اللە! شۈبھىسىزكى، مەن سەندىن پايدىلىق ئىلىمنى، كەڭ رىزقنى ۋە ھەرقانداق كېسەلدىن شىپا تېپىشنى سورايمەن)①.

**دىققەت:** زەمزەم سۈيىنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش لازىم.

## ئىفتار قىلىدىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَعَلٰى رِزْقِكَ اَفْطَرْتُ» (ئى اللە! سەن ئۈچۈنلا روزا تۇتتۇم، سەن بەرگەن رىزىق بىلەن ئىفتار قىلدىم)②.

ياكى بۇ دۇئانى قىلىدۇ: «اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَسْئَلُكَ بِرَحْمَتِكَ الَّتِىْ وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ اَنْ تَغْفِرَ لِىْ ذُنُوْبِىْ» (ئى اللە! سەندىن ھەرقانداق نەرسىنى سىغدۇرىدىغان كەڭ رەھمىتىڭ بىلەن گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن)③.

① «ھەسەن ھەسەن».
② ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
③ «ھەسەن ھەسەن».

ئىفتاردىن كېيىن بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «ذَهَبَ الظَّمَأُ وَابْتَلَّتِ الْعُرُوْقُ وَثَبَتَ الْاَجْرُ اِنْ شَآءَ اللهُ» (ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار ھۆللەشتى. اللہ خالىسا ساۋاب قارار تېپىپ بولدى)①.

## ئىفتارلىق بەرگەن كىشى ھەققىدە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَفْطَرَ عِنْدَكُمُ الصَّآئِمُوْنَ وَاَكَلَ طَعَامَكُمُ الْاَبْرَارُ وَصَلَّتْ عَلَيْكُمُ الْمَلٰئِكَةُ» (روزىدارلار سىلەرنىڭكىدە ئىفتار قىلدى، تائامىڭلارنى ياخشىلار يېدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە مەغفىرەت تەلەپ قىلدى)②.

## كىيىم كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

كىيىم كىيگەندە بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىْ كَسَانِيْ هٰذَا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ وَلَا قُوَّةٍ» (مېنىڭ چارەمسىز ۋە مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمسىز ماڭا بۇ كىيىمنى بەرگەن اللہقا شۈكۈر).

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② ئىبنى ماجە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كىيىمنى كىيىپ بولۇپ، مۇشۇ ھەمدۇ-سانانى ئوقۇسا، ئىلگىرى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىپ كېتىدۇ①.

ھەزرىتى ئۆمەر (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن يېڭى كىيىم كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت باركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى يېڭى كىيىم كىيىپ، تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇسا، ئاندىن كونا كىيىمنى سەدىقە قىلسا، ھاياتىدا ۋە ئۆلگەندىن كېيىن (ئۇ) اللہنىڭ ساقلىشىدا ۋە اللہنىڭ يوشۇرۇشىدا تۇرىدۇ، يەنى اللہ تعالى ئۇنى مۇسىبەتلەردىن ساقلايدۇ ھەم ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوشۇرىدۇ. بۇ دۇئا بولسا: ‹اَللّٰهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا كَسَوْتَنِيْهِ اَسْئَلُكَ خَيْرَهٗ وَخَيْرَ مَا صُنِعَ لَهٗ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّهٖ وَشَرِّ مَا صُنِعَ لَهٗ› (ماڭا كىيىم كىيدۈرگەن اللہقا شۈكۈر. ئى اللہ! مەن سەندىن شۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە شۇ كىيىمدە قىلىنغان نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. ئى اللہ! ساڭا سېغىنىپ شۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە شۇ كىيىمدە قىلىنغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)»②.

**مۇھىم نۇقتا:** قاچانكى يېڭى كىيىمنى سالىدىغاندا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ دەپ سالسا، شۇ كەلىمىنىڭ ھۆرمىتىدىن شەيتان ئۇنىڭ ئەۋرىتىگە قارىيالمايدۇ③.

① «مىشكات».
② «مىشكات».
③ «ھىسن ھەسىن».

يېڭى كىيىم كىيگەن مۇسۇلماننى كۆرسە، مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «تُبْلِي وَيُخْلِفُ اللهُ» (الله ئۆمرۈڭنى بۇ كىيىمدىن ئۇزۇن قىلغاي، الله ساڭا يەنە كىيىم بەرگەي)①.

## ئەينەككە قارىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ كَمَآ أَحْسَنْتَ خَلْقِيْ فَحَسِّنْ خُلُقِيْ» (ئى الله! سۈرىتىمنى گۈزەل قىلغىنىڭدەك، ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن)②.

## بىرەر ئايالنى نىكاھىغا ئالغاندا ياكى بىرەر ئۇلاغ سېتىۋالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اِنِّيٓ اَسْئَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَشَرِّ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ» (ئى الله! سەندىن بۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سەندىن بۇنىڭدا ياراتقان تەبىئىي خۇلق ـ ئادەتنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ بۇنىڭ شەررى (يامانلىقى)دىن ۋە سەن بۇنىڭدا ياراتقان تەبىئىي خۇلق ـ ئادەتنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن)③.

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ «ھەسەن ھەسەن».



**مۇھىم نۇقتا:** بۇ دۇئانى ئوقۇپ، رەپىقەسىنىڭ ماڭلاي چېچىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئەگەر تۆگە سېتىۋالغان بولسا، لوكىكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، مەزكۇر دۇئانى قىلىدۇ①.

## يېڭىدىن توي قىلغان يىگىتنىڭ ھەققىدە قىلىدىغان دۇئا

«بَارَكَ اللهُ لَكَ وَبَارَكَ عَلَيْكُمَا وَجَمَعَ بَيْنَكُمَا فِيْ خَيْرٍ» (الله ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ئىككىڭلارغا بەرىكىتىنى نازىل قىلسۇن، ئاراڭلارنى خەيرلىك قىلسۇن)②.

## ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولىدىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللهِ اَللّٰهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ وَجَنِّبِ الشَّيْطَانَ مَا رَزَقْتَنَا» (اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئى الله! بىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن، سەن بىزگە ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتنىمۇ شەيتاندىن يىراق قىلغىن).

① ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
② ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بۇ دۇئانى قىلىپ ئاندىن ئورۇن قوشسا، شۇ قېتىم پەرزەنت بېرىلىش نېسىپ بولسا، شەيتان ئۇ بالىغا ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ①.

مۇھىم نۇقتا: بۇ ئەمەلنى چوقۇم بەجا كەلتۈرۈشى (ئوقۇشى) لازىم. چۈنكى ئورۇن قوشىدىغاندا اللهنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىسا، شەيتاننىڭ نۇتفە (مەنىي)سىمۇ ئەرنىڭ نۇتفىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئىچىگە يۈرۈپ كېتىدۇ②.

مەنىي يۈرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە بۇ دۇئانى قىلىدۇ: «اَللّٰهُمَّ لَا تَجْعَلْ لِلشَّيْطَانِ فِيمَا رَزَقْتَنِي نَصِيبًا» (ئى الله! ماڭا ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتتە شەيتانغا ھېچبىر نېسىۋىنى قىلمىغىن)③.

مۇھىم نۇقتا: تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ يەتتىنچى كۈنى ئىسمىنى قويۇپ ئەقىقە (تۇغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى مال، قىز بالا ئۈچۈن بىر مال ئۆلتۈرۈپ، يوقسۇللارغا بېرىلىدىغان سەدىقە) قىلىدۇ④.

مۇھىم نۇقتا: قاچانكى بالا تۇغۇلسا، الله تعالىنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەكىلىپ بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلدۇرغاي ھەم خورما ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە بىلەن شۇ كىشىگە ئېغىزلاندۇرغاي⑤.

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ «ھەسەن ھەسەن».
④ «ھەسەن ھەسەن».
⑤ «ھەسەن ھەسەن».



مۇھىم نۇقتا: بالىغا تىل چىقسا ئالدى بىلەن «لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللهُ»نى ئۆگەتكەي ھەم بۇ ئايەتنىمۇ ياد ئالدۇرغاي: ﴿ وَقُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ٱلَّذِى لَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٌ فِى ٱلْمُلْكِ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ وَلِىٌّ مِّنَ ٱلذُّلِّ وَكَبِّرْهُ تَكْبِيرًا ﴿١١١﴾ ﴾ «ئېيتقىنكى، جىمى ھەمدۇ ـ سانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنەتتە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا مۇھتاج بولمىغان (خار بولمىغان)، ياردەمچىگە مۇھتاج بولمىغان) اللهقا خاستۇر. اللهنى مۆكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن»①.

## ئاي كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَعُوذُ بِاللهِ مِنْ شَرِّ هٰذَا» (اللهقا سىغىنىپ بۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)②.

يېڭى ئاينى كۆرسە بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اَهِلَّهُ عَلَيْنَا بِالْيُمْنِ وَالْاِيمَانِ وَالسَّلَامَةِ وَالْاِسْلَامِ وَالتَّوْفِيقِ لِمَا تُحِبُّ وَتَرْضٰى رَبِّى وَرَبُّكَ اللهُ» (ئى الله! بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەت، ئىمان، سالامەتلىك ۋە ئىسلام بىلەن، شۇنداقلا ئۆزۈڭ ياقتۇرغان ۋە رازى

① 17 ـ سۈرە بەنى ئىسرائىل، «ھەسەن ھەسەن».
② تىرمىزى رىۋايىتى.

بولغان ئەمەل ئىبادەتلەرگە تەۋپىق قىلىش بىلەن چىقارغىن. ئى هىلال ئاي! ئىككىمىزنىڭ پەرۋەردىگارى بىر اللهتۇر)①.

## سەپەر دۇئاسى

بىرسىنى ئۇزاتقىلى چىققاندا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَسْتَوْدِعُ اللهَ دِيْنَكَ وَاَمَانَتَكَ وَخَوَاتِيْمَ عَمَلِكَ» (دىنىڭنى، ئىشەنچىڭنى ۋە ئىشىڭنىڭ تۈگەنچىسىنى اللهقا تاپشۇردۇم)②.

ئەگەر ئۇ سەپەرگە ئاتلانسا بۇ دۇئانىمۇ قىلىدۇ: «زَوَّدَكَ اللهُ التَّقْوٰى وَغَفَرَ لَكَ ذَنْبَكَ وَيَسَّرَ لَكَ الْخَيْرَ حَيْثُ كُنْتَ» (الله ساڭا تەقۋالىقنى ئوزۇقلۇق قىلىپ بەرسۇن، گۇناهىڭنى مەغفىرەت قىلسۇن، نەدە بولساڭ خەيرلىكىڭنى ئاسان قىلىپ بەرسۇن)③.

سەپەرگە يۈرۈپ كەتكۈچىنىڭ ھەققىدە مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «اَللّٰهُمَّ اطْوِ لَهُ الْبُعْدَ وَهَوِّنْ عَلَيْهِ السَّفَرَ» (ئى الله! ئۇنىڭ (سەپەر) يولىنى قاتلاپ، ئاسان بېسىپ بولىدىغان قىلغىن، ئۇنىڭغا سەپەر ئاسانچىلىقىنى يارىتىپ بەرگىن)④.

① ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

② تىرمىزى رىۋايىتى.

③ تىرمىزى رىۋايىتى.

④ تىرمىزى رىۋايىتى.



سەپەرگە چىققۇچى ئۇزاتقۇچىلارغا قارىتا مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «اَسْتَوْدِعُكُمُ اللهَ الَّذِىْ لَا تَضِيْعُ وَدَآئِعُهٗ» (سىلەرنى تاپشۇرۇلغان شەيئىلەر زايا بولۇپ كەتمەيدىغان اللهقا تاپشۇردۇم)①.

سەپەرنى ئىرادە قىلسا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ بِكَ اَصُوْلُ وَبِكَ اَحُوْلُ وَبِكَ اَسِيْرُ» (ئى الله! سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا (دۈشمەنلەرگە) ھۇجۇم قىلىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا (دۈشمەنلەرنى) چېكىندۈرۈشكە تەدبىر قوللىنىمەن. سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەنلا سەپەرگە ئاتلىنىمەن)②.

قاچانكى ئۇلاغقا مىنگىلى ئۈزەڭگىگە پۇتىنى سالسا، ﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ﴾ دەيدۇ. قاچانكى ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بولسا «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» دەيدۇ، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ: ﴿ سُبۡحَـٰنَ ٱلَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَـٰذَا وَمَا كُنَّا لَهُۥ مُقۡرِنِينَ ﴿١٣﴾ وَإِنَّآ إِلَىٰ رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ ﴿١٤﴾ ﴾ «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر. بىز ئۇنىڭغا (مىنىشكە) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»③.

بۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قېتىم «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ»، ئۈچ قېتىم «اَللّٰهُ اَكْبَرُ»، دەپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «سُبْحَانَكَ اِنِّىْ ظَلَمْتُ نَفْسِىْ

① «ھەسەن ھەسەن».

② «ھەسەن ھەسەن».

③ 43- سۈرە زۇخرۇف.

فَاغْفِرْ لِىْ فَاِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوْبَ إِلَّآ اَنْتَ» (ئى اللّٰه! سەن پاك-
-تۇرسەن. ھەقىقەتەن مەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلدىم، مېنى
كەچۈرۈم قىلغىن. جەزمەنكى، گۇناھلارنى سەندىن باشقا
ھېچكىم كەچۈرۈم قىلالمايدۇ).

بۇنى ئوقۇپ بولۇپ، تەبەسسۇم قىلىشمۇ مۇستەھەب
(ياخشى)تۇر.

قاچانكى سەپەرگە ئاتلانسا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اِنَّا
نَسْئَلُكَ فِىْ سَفَرِنَا هٰذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوٰى وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضٰى، اَللّٰهُمَّ
هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هٰذَا وَاطْوِ لَنَا بُعْدَهُ، اَللّٰهُمَّ اَنْتَ الصَّاحِبُ فِى
السَّفَرِ وَالْخَلِيْفَةُ فِى الْاَهْلِ، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ وَعْثَآءِ السَّفَرِ
وَكَآبَةِ الْمَنْظَرِ وَسُوٓءِ الْمُنْقَلَبِ فِى الْمَالِ وَالْاَهْلِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ
الْحَوْرِ بَعْدَ الْكَوْرِ وَدَعْوَةِ الْمَظْلُوْمِ» (ئى اللّٰه! سەندىن بۇ سەپە-
-رىمىزدە ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقنى سورايمىز، سەن رازى بول-
-دىغان ئەمەلنى سورايمىز. ئى اللّٰه! بۇ سەپەرنى بىزگە ئاسان
قىلغىن، سەپەر يولىنى قاتلاپ، بىزنى مەنزىلىمىزگە تېز يەت-
-كۈزگىن. ئى اللّٰه! سەن سەپەردە بىزنىڭ ھەمراھىمىزدۇرسەن،
ئائىلىمىزدە خەلىپە (ئورۇن باسارىمىز)دۇرسەن. ئى اللّٰه! ساڭا
سېغىنىپ سەپەرنىڭ مۇشەققەتتىدىن، كۆڭۈلسىز ھالەتتە قاي-
-تىپ قېلىشتىن، دەسلەپتە پايدا ئېلىپ كېيىن زىيان تارتىش-



-تىن ۋە زۇلۇم چەككەن كىشىنىڭ دۇئايىبەت قىلىشىدىن
پاناھ تىلەيمەن)①.

مۇھىم نۇقتا: سەپەرگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆيدە
ئىككى رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇشى مۇستەھەبتۇر②.

مۇھىم نۇقتا: دۆڭگە ئۆرلىسە «اَللّٰهُ اَكْبَرُ»، دۆڭدىن پەس-
-كە چۈشسە «سُبْحَانَ اللّٰهِ» دەيدۇ. ئېقىۋاتقان سۇ كېچىكىدىن
كېسىپ ئۆتسە، «لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ اَكْبَرُ» دەيدۇ.

ئەگەر ئۇلاغ پۇتلىشىپ كەتسە ياكى نەپسى بۇغۇلۇپ
قالسا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ دەيدۇ③.

دېڭىزدا قاتنىغاندا بۇنى ئوقۇيدۇ: ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ مَجۡر۪ىٰهَا وَمُرۡسَىٰهَآۚ
إِنَّ رَبِّي لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٤١﴾﴾ ﴿وَمَا قَدَرُواْ ٱللَّهَ حَقَّ قَدۡرِهِۦ وَٱلۡأَرۡضُ
جَمِيعٗا قَبۡضَتُهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ وَٱلسَّمَٰوَٰتُ مَطۡوِيَّٰتُۢ بِيَمِينِهِۦۚ
سُبۡحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشۡرِكُونَ ﴿٦٧﴾﴾ «كېمىنىڭ مېڭىشى ۋە
توختىشى اللّٰهنىڭ ئىسمى بىلەندۇر. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردى-
-گارىم (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى) ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىل-
-غۇچىدۇر، (مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر»④. «ئۇلار اللّٰهنى
ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي

① مۇسلىم رىۋايىتى.
② ئىمام نەۋەۋىينىڭ «كىتابۇل ئەزكار»دىكى ھەدىسى.
③ «ھىسنى ھەسىن».
④ 11- سۈرە ھۇد، «ھىسنى ھەسىن».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

اﷲنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ. ئاسمانلار اﷲنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىـ
ـنىپ تۇرىدۇ، اﷲ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلـ
ـتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر»①.

قاچانكى بىرەر مەنزىلگە چۈشسە، بۇ كەلىمىنى ئوقۇيدۇ:
«اَعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ» (اﷲنىڭ پۈتۈن كەلـ
ـمىلىرى بىلەن اﷲنىڭ ياراتقان مەخلۇقلىرىنىڭ يامانلىقىدىن
پاناھ تىلەيمەن). بۇ كەلىمىنى ئوقۇش بىلەن، شۇ يەردىن
كۆچۈپ كەتكىچىلىك، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە زىيان يەتـ
ـكۈزەلمەيدۇ②.

سەپەردە مەھەللە كۆرۈنسە بۇنى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ رَبَّ
السَّمٰوَاتِ السَّبْعِ وَمَآ اَظْلَلْنَ، وَرَبَّ الْاَرْضِيْنَ السَّبْعِ وَمَآ اَقْلَلْنَ،
وَرَبَّ الشَّيَاطِيْنِ وَمَآ اَضْلَلْنَ، وَرَبَّ الرِّيَاحِ وَمَا ذَرَيْنَ، فَاِنَّا نَسْئَلُكَ
خَيْرَ هٰذِهِ الْقَرْيَةِ وَخَيْرَ اَهْلِهَا، وَنَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَشَرِّ اَهْلِهَا وَشَرِّ
مَا فِيْهَا» (ئى يەتتە قات ئاسمان ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى نەرسـ
ـلەرنىڭ پەرۋەردىگارى! ئى يەتتە قات زېمىن ۋە ئۇنىڭ
ئۈستىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى! ئى شەيتانلار ۋە ئۇ
ئازدۇرغانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! ئى شاماللار ۋە ئۇ ئۇچۇرىۋاتقان
نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى! بىز سەندىن مۇشۇ مەھەللىنىڭ
ياخشىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمىز. ساڭا

① 39 ـ سۈرە زۇمەر، «ھەسەن ھەسەن».
② مۇسلىم رىۋايىتى.



سېغىنىپ ئۇ مەھەللىنىڭ يامانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ
يامانلىقىدىن ۋە ئۇ مەھەللىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ
يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز)①.

بىرەر شەھەر ياكى بىرەر مەھەللىگە كىرگەندە، ئۈچ قېتىم
بۇنى دەيدۇ: «اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيْهَا» (ئى اﷲ! بۇ (مەھەللىدە)
بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن)②.

ياكى بۇنى دەيدۇ: «اَللّٰهُمَّ ارْزُقْنَا جَنَاهَا وَحَبِّبْنَا اِلٰى اَهْلِهَا وَحَبِّبْ
صَالِحِيْ اَهْلِهَا اِلَيْنَا» (ئى اﷲ! بىزگە بۇ يەرنىڭ يەل ـ يېمىشـ
ـلىرىنى رىزىق قىلىپ بەرگىن، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ كۆڭلىگە
بىزنى دوست (چىرايلىق) كۆرسەتكىن، بۇ يەردىكى ياخشىـ
ـلارنى دوست تۇتۇشنى كۆڭلىمىزگە سالغىن)③.

يول ئۈستىدە كېچە بولۇپ قالسا، بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «يَا
اَرْضُ! رَبِّىْ وَرَبُّكِ اللّٰهُ، اَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ شَرِّكِ وَشَرِّ مَا خُلِقَ فِيْكِ
وَشَرِّ مَا يَدِبُّ عَلَيْكِ، وَاَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنْ اَسَدٍ وَاَسْوَدَ وَمِنَ الْحَيَّةِ
وَالْعَقْرَبِ وَمِنْ شَرِّ سَاكِنِى الْبَلَدِ، وَمِنْ وَالِدٍ وَمَا وَلَدَ» (ئى زېـ
ـمىن! مېنىڭ ۋە سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بىر اﷲتۇر. اﷲقا
سېغىنىپ سېنىڭ يامانلىقىڭدىن، سېنىڭ ئىچىڭدە يارىتىلغان
نەرسىلەرنىڭ ۋە سېنىڭ ئۈستۈڭدە ماڭىدىغان نەرسىنىڭ

① ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.
② تىبرانى رىۋايىتى.
③ تىبرانى رىۋايىتى.

ياماnلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئاللاھقا سېغىنىپ شىردىن، ئەجدىھادىن، يىلاندىن، چاياندىن، بۇ شەھەردە تۇرغۇچىلارنىڭ يامانلىقىدىن، ئاتىدىن ۋە پەرزەنتلەردىن پاناھ تىلەيمەن)①.

يول ئۈستىدە كېتىۋاتقاندا، سەھەر ۋاقتى بولسا بۇنى ئوقۇيدۇ: «سَمِعَ سَامِعٌ بِحَمْدِ اللهِ وَنِعْمَتِهِ وَحُسْنِ بَلَآئِهِ عَلَيْنَا رَبَّنَا صَاحِبْنَا وَافْضِلْ عَلَيْنَا عَائِذًا بِاللهِ مِنَ النَّارِ» (ئاڭلىغۇچى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتقانلىقىمىزنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭ نېئمىتىگە ھەمدۇ-سانا ئېيتقانلىقىمىزنى ۋە ئۇنىڭ بىزگە ياخشى نەرسىلەرنى بەخش ئەتكەنلىكىگە ھەمدۇ-سانا ئېيتقانلىقىمىزنىمۇ ئاڭلىدى. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ھەمراھ بولغىن، بىزگە پەزلى ئاتا قىلغىن، بۇ دۇئانى قىلىۋاتقىنىمدا، ئاللاھقا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن)②.

بەزى رىۋايەتلەردە، بۇ كەلىمىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ، دېيىلىدۇ.

**مۇھىم نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يولۇچى سەپىرى ئۈستىدە دۇنياۋىي گەپ-سۆز ۋە ئىش-كۈچلەردىن دىلىنى خالىي تۇتۇپ، ئەس-يادى ئاللاھتا بولسا، ئۇنىڭ بىلەن پەرىشتە بىللە يۈرىدۇ (تۇرىدۇ). ئەگەر ئۇ ناخشا-مۇزىكا ۋە بىمەنە رومان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىھۇدە مەش-

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

② مۇسلىم رىۋايىتى.



-غۇلات بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنىڭ بىلەن شەيتان بىللە يۈرىدۇ (تۇرىدۇ)»①.

سەپەردە دۈشمەن ياكى ئۇنىڭ غەيرىدىن قورقسا، سۈرە قۇرەيشنى ئوقۇش لازىم②.

**مۇھىم نۇقتا:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)غا سەپەردە بۇ بەش سۈرىنى ئوقۇشقا يوليورۇق بەردى: 1) ﴿قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡكَٰفِرُونَ﴾، 2) ﴿إِذَا جَآءَ نَصۡرُ ٱللَّهِ﴾، 3) ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ﴾، 4) ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ﴾، 5) ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ﴾. ھەر بىر سۈرىنى ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلايدۇ ۋە ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ﴾ تۈگىگەندىمۇ ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾نى ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ ئالتە قېتىم بولىدۇ.

ھەزرىتى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)نىڭ ئېيتىشىچە: بەزىدە باي كىشىلەر بىلەنمۇ سەپەرگە چىقىپ قالاتتىم. يول خىراجىتىم ھەمراھلىرىمغا نىسبەتەن خېلى كەم ئىدى. ئەھۋالىم ناھايىتى ناچار ئىدى. لېكىن، سەپىرىمدە بۇ بەش سۈرىنى ئوقۇشنى ئادەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگىچىلىك جىمى ھەمراھلىرىمدىن ئەھۋالىم

① «ھىسنى ھەسىن».

② بەزى ئۆلۇغلار بۇنى تەجرىبىدىن ئۆتۈپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى دېدى.

ياخشى بولدى. يول خىراجىتىمىز يېنىمدا ھەممىسىنىڭكىدىن زىيادە ئېشىپ تۇردى[1].

## سەپەردىن قايتىدىغاندا قىلىدىغان ئەمەللەر

سەپەردىن قايتىدىغاندا، سەپەرگە ماڭغاندا ئوقۇيدىغان دۇئالارنى ئوقۇيدۇ. يەنى: «اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَسْئَلُكَ فِىْ سَفَرِنَا هٰذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوٰى ...». قاچانكى قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقسا، سەپەرنىڭ بىر قانچە دۇئالىرى ۋە سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى خىيالغا كەلتۈرگەن ھالدا ھەربىر دۆڭگە ئۆرلىگەندە «اَللهُ اَكْبَرُ»نى ئۈچ قېتىم دەپ، ئاندىن بۇ كەلىمىنى ئوقۇيدۇ: «لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ اٰئِبُوْنَ تَآئِبُوْنَ عَابِدُوْنَ سَاجِدُوْنَ لِرَبِّنَا حَامِدُوْنَ صَدَقَ اللهُ وَعْدَهٗ وَنَصَرَ عَبْدَهٗ وَهَزَمَ الْاَحْزَابَ وَحْدَهٗ» (بىر اَللهتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، جىمى مۈلۈك ۋە جىمى ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە قادىردۇر. بىز قايتقۇچىدۇرمىز، تەۋبە قىلغۇچىدۇرمىز، (اَللهقا) قۇلچىلىق قىلغۇچىدۇرمىز، سەجدە قىلغۇچىدۇرمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقۇچـ

① «ھەسەن ھەسەن».



ـدۇرمىز. اللّٰه ئۆز ۋەدىسىنى راست قىلدى، بەندىسىگە ياردەم قىلدى. دۈشمەن كۈچلىرىنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى)[1].

سەپەردىن قايتقانلار بىر شەھەر ياكى بىر مەھەللىگە كىرسە، بۇنى ئوقۇيدۇ: «اٰئِبُوْنَ تَآئِبُوْنَ عَابِدُوْنَ لِرَبِّنَا حَامِدُوْنَ» (بىز قايتقۇچىدۇرمىز، تەۋبە قىلغۇچىدۇرمىز، (اَللهقا) قۇلچىلىق قىلغۇچىدۇرمىز، پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقۇچىدۇرمىز)[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپەردىن قايتىسا، شەھەرگە چاشگاھ ۋاقتىدا كىرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئەۋۋەل مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇيتتى، مەسجىدتە بىردەم تۇرۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلاتتى[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيشەنبە كۈنى سەپەرگە چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى[4].

سەپەردىن قايتىپ ئۆيىگە كىرسە بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَوْبًا اَوْبًا لِرَبِّنَا تَوْبًا لَا يُغَادِرُ عَلَيْنَا حَوْبًا» (مەن قايتتىم، مەن قايتتىم، بىزگە ھېچقانداق گۇناھنى قويماي مەغفىرەت قىلىۋېتىدىغان پەرۋەردىگارىمىز ئالدىدا تەۋبە قىلىمەن)[5].

① «مىشكات».
② «ھەسەن ھەسەن».
③ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
④ بۇخارى رىۋايىتى.
⑤ «ھەسەن ھەسەن»، ئەبۇ يەئلا رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## مېيىپ ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغان كىشىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِیْ عَافَانِیْ مِمَّا ابْتَلَاكَ بِهٖ وَفَضَّلَنِیْ عَلٰی كَثِیْرٍ مِمَّنْ خَلَقَ تَفْضِیْلًا» (سېنى مۇپتىلا قىلغان بالادىن مېنى سالامەت قىلغان، ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىدىن مېنى ئۈستۈن قىلغان ﷲقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن).

**بۇنىڭ خاسىيتى مۇنداق:** بۇنى ئوقۇش بىلەن ھېلىقى كىشىگە يەتكەن مۇسىبەت ۋە پېشكەللىك، ئۇنىڭغا (يەنى دۇئانى ئوقۇغۇچىغا) يەتمەيدۇ①.

**مۇھىم نۇقتا:** بىرسىنىڭ مۇشۇنداق بىر مۇسىبەتكە يولۇقۇپ قالغىنىنى كۆرسە، ئۇنى رەنجىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن بۇ دۇئانى مەخپىي ئوقۇيدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھتا مۇپتىلا بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ئاشكارا ئاۋاز بىلەن ئوقۇيدۇ.

## مۇسۇلماننىڭ كۈلگىنىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَضْحَكَ اللهُ سِنَّكَ» (ﷲ سېنى كۈلدۈرۈپ تۇرسۇن)②.

① «مىشكات».
② بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.



## دۈشمەندىن قورققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَجْعَلُكَ فِیْ نُحُوْرِهِمْ وَنَعُوْذُ بِكَ مِنْ شُرُوْرِهِمْ» (ئى ﷲ! بىز سېنى (بۇ) دۈشمەنلەرنىڭ قەلبىدە قىلىمىز. ساڭا سېغىنىپ بۇ دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز)①.

## دۈشمەن مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اسْتُرْ عَوْرَاتِنَا وَاٰمِنْ رَوْعَاتِنَا» (ئى ﷲ! بىزنىڭ ئابرۇيىمىزنى ساقلىغىن، قورقۇنچىمىزنى كەتكۈزۈپ، ئامان قىلغىن)②.

## سورۇندىن قوپقاندىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا

«سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ اَشْهَدُ اَنْ لَّآ اِلٰهَ اِلَّآ اَنْتَ اَسْتَغْفِرُكَ وَاَتُوْبُ اِلَيْكَ» (ئى ﷲ! سەن پاكتۇرسەن، ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق دەپ

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».

گۇۋاھلىق بېرىمەن، سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن، ئالدىڭدا تەۋبە قىلىمەن).

سورۇندا ياخشى گەپ-سۆزلەر بولسا، بۇ كەلىمە ئۇ كىشىگە مۆھۈر بولىدۇ. ئەگەر سورۇندا بىھۇدە گەپلەر بولسا، بۇ كەلىمە ئۇنىڭ كاپارىتى بولىدۇ[1].

بەزى رىۋايەتلەردە «بۇ كەلىمىنى ئۈچ قېتىم دەيدۇ» دېيىلدى.

## بىر ئىشتىن پەرىشان بولغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ رَحْمَتَكَ اَرْجُوْ فَلَا تَكِلْنِىٓ اِلٰى نَفْسِىْ طَرْفَةَ عَيْنٍ وَاَصْلِحْ لِىْ شَأْنِىْ كُلَّهُ لَآ اِلٰهَ إِلَّآ اَنْتَ» (ئى الله! سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، بىردەممۇ مېنى نەپسىمنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتمىگىن، مېنىڭ ئىشىمنىڭ ھەممىسىنى تۈزەتكىن، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق)[2].

ياكى بۇنى ئوقۇيدۇ: «حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيْلُ حَسْبُنَا اللهُ وَنِعْمَ الْوَكِيْلُ» (الله بىزگە كۇپايىدۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل، الله بىزگە كۇپايىدۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل).

---

① تىرمىزى رىۋايىتى، «تەرغىب».
② «ھەسەن ھەسەن».



ياكى بۇنى ئوقۇيدۇ: «اَللهُ رَبِّىْ لَآ اُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا» (الله مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك قىلمايمەن)[1].

ياكى بۇنى ئوقۇيدۇ: «يَا حَىُّ يَا قَيُّوْمُ بِرَحْمَتِكَ اَسْتَغِيْثُ» (ئى تىرىك، ئى ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى الله! رەھمىتىڭ بىلەن ياردەم تىلەيمەن)[2].

ياكى بۇنى ئوقۇيدۇ: ﴿لَّآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَـٰنَكَ إِنِّى كُنتُ مِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٨٧﴾﴾ «پەرۋەردىگارىم! سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[3].

«قۇرئان كەرىم»دە بۇ كەلىمىنى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇپ، اللهقا نىدا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى، «بىرەر مۇسۇلمان بۇ كەلىمە ئارقىلىق اللهقا دۇئا قىلسا، الله تعالى ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ»[4].

بەزى ھەدىستە بۇ كەلىمە «ئىسمى ئەئزەم» دېيىلدى[5].

---

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② مۇستەدرەك ھاكىم رىۋايىتى.
③ 21- سۈرە ئەنبىيا.
④ تىرمىزى رىۋايىتى.
⑤ «ھەسەن ھەسەن».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىر ھەدىستە «لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ» 99 كېسەلگە داۋادۇر. بۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى ئاغرىقتۇر دېيىلگەن①.

دېمەك، بۇ كەلىمە چوڭ-چوڭ كېسەل-ئاغرىق ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. رەنج، غەم-ئەندىشە بۇ كەلىمىنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىستىغفارنى داۋاملاشتۇرسا، اللّٰه تعالى ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى، ھەرقانداق غەم-ئەندىشىدىن خالاس تېپىشنى ئاتا قىلىدۇ. اللّٰه تعالى ئۇنىڭ دىلىغا كېچىپ باقمىغان جايدىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ»②.

## ھەر خىلدىكى مالنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلٰى مُحَمَّدٍ عَبْدِكَ وَرَسُوْلِكَ وَعَلَى الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَالْمُسْلِمَاتِ» (ئى اللّٰه! بەندەڭ ۋە پەي-

① بەيھەقىينىڭ «دەئۋاتۇل كەبىر»دىكى رىۋايىتى.
② ئەھمەد رىۋايىتى.



غەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەھمىتىڭنى نازىل قىلغىن ۋە مۇئمىن ئەر-ئايال ۋە مۇسۇلمان ئەر-ئاياللارغا رەھمىتىڭنى نازىل قىلغىن)①.

## شەبى قەدىر دۇئاسى

«اَللّٰهُمَّ اِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّيْ» (ئى اللّٰه! شۈبھىسىزكى، سەن تولىمۇ مەرھەمەتلىك ئەپۇ قىلغۇچى، ئەپۇنى دوست تۇتقۇچى زاتتۇرسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن)②.

بىرسىنى اللّٰه رازىلىقى ئۈچۈن دوست تۇتقان بولسا، مەن ئۆزلىرىنى اللّٰه رازىلىقى ئۈچۈن دوست تۇتتۇم دەپ ئۇنىڭغا ئاشكارىلىسۇن. بۇنىڭ جاۋابىدا قارشى تەرەپ: «اَحَبَّكَ الَّذِىْ اَحْبَبْتَنِىْ لَهٗ» (سەن مېنى اللّٰه رازىلىقى ئۈچۈن دوست تۇتقانلىقىڭ ئۈچۈن اللّٰه سېنى دوست تۇتسۇن)③، دېسۇن.

## ياخشىلىق قىلغانلار ھەققىدە قىلىدىغان دۇئا

«جَزَاكَ اللّٰهُ خَيْرًا» (اللّٰه ساڭا (بۇنىڭ بەدىلىگە) خەيرىيەت (ياخشىلىق) ئاتا قىلغاي)④.

① ئەبۇ يەئلا رىۋايىتى.
② تىرمىزى رىۋايىتى.
③ ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
④ «مىشكات».

## قەرزدار قەرزنى ئادا قىلغاندا ئۇنىڭ ھەققىدە قىلىدىغان دۇئا

«اَوْفَيْتَنِىٓ اَوْفَى اللّٰهُ بِكَ» (سەن قەرزىمنى ئادا قىلدىڭ، اللّٰه ساڭا (دۇنيا ـ ئاخىرەتتە) ئىشلىرىڭنى پۈتتۈرۈپ بەرسۇن)①.

## كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِىْ بِنِعْمَتِهٖ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ» (نېئمىتى بىلەن ياخشىلىقلار مۇكەممەللەشىدىغان اللّٰهقا شۈكۈر)②.

## ياقتۇرمايدىغان ئىشقا دۇچ كەلـ ـگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلٰى كُلِّ حَالٍ» (ھەممە ھالەتتە اللّٰه تەئالاغا شۈكۈر)③.

---

① «ھەسەن ھەسەن».
② ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
③ ئىبنى ماجە رىۋايىتى.



## بىر نەرسە يوقاپ كەتكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ رَادَّ الضَّالَّة وَهَادِىَ الضَّالَّة اَنْتَ تَهْدِىْ مِنَ الضَّلَالَةِ اُرْدُدْ عَلَىَّ ضَالَّتِىْ بِقُدْرَتِكَ وَسُلْطَانِكَ فَاِنَّهَا مِنْ عَطَآئِكَ وَفَضْلِكَ» (ئى اللّٰه! ئى يوقاپ كەتكەننى قايتۇرۇپ بەرگۈچى! ئى يولنى ئۇنتۇغانغا يول كۆرسەتكۈچى! قۇدرەت ئىلاھىڭ ۋە سەلتەنىتىڭ بىلەن يوقاپ كەتكەن نەرسەمنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەرگىن، جەزمەنكى ئۇ سېنىڭ ئاتا ۋە پەزلىڭدىن ئىدى)①.

كېكەچلەپ ئىتتىك سۆزلەپ كېتىدىغان ئادەم «اَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ» (اللّٰهتىن مەغفىرەت تىلەيمەن)نى ئوقۇشى لازىم، بۇنىڭ بىلەن تىلىدىكى تېزلىك تۈۋەنلەپ، ئالدىرىماي راۋان سۆزلەيـ ـدىغان بولىدۇ②.

## يېغىدىن چىققان مېۋە ئالدىغا كەلـ ـگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِىْ ثَمَرِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِىْ مَدِيْنَتِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِىْ صَاعِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِىْ مُدِّنَا» (ئى اللّٰه! يەل ـ يېمىشىمىزگە بەرىكەت

---

① «ھەسەن ھەسەن».
② نەسائى رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com



بەرگىن، شەھىرىمىزگە بەرىكەت بەرگىن، كەمچەن، چارەكلىرىمىزگە بەرىكەت بەرگىن). بۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ مېۋىنى ھەممىدىن بۇرۇن كىچىك بالىغا بېرىدۇ①.

ياكى بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شۇ سورۇندا ھەممىدىن كىچىك بولغان بالىغا بېرىدۇ②.

## بىر ئىشتىن ئاچچىقى كەلگەندە؛ ئېشەك، ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا ياكى يامان ۋەسۋەسە كېلىپ قالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَعُوْذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» (اﷲقا سېغىنىپ لەئنەتتەگەردى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن)③.قاچانكى توخۇنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىسا، اﷲنىڭ پەزلىنى سورايدۇ④.

## يامغۇر ياغقاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اَغِثْنَا» (ئى اﷲ! بۇ يامغۇرنىڭ بىزگە بالايى-ئاپەت بولۇشىدىن ساقلىغىن)⑤.

① مۇسلىم رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ «ھەسەن ھەسەن».
④ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
⑤ مۇسلىم رىۋايىتى.



ياكى بۇنى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اَنْزِلْ عَلٰى اَرْضِنَا زِيْنَتَهَا وَسَكَنَهَا» (ئى اﷲ! زېمىنىمىزغا زىننەت (گۈل-گىياھ) ۋە ئۇنىڭ ئارامىنى نازىل قىلغىن)①.

**مۇھىم نۇقتا:** اﷲ تعالىغا تەۋبە ۋە ئىستىغفار قىلغانىنىڭ يامغۇر يېغىشقا زور پايدىسى بار.

يامغۇرلۇق بۇلۇت كۆرۈنسە، مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا اُرْسِلَ بِهِ، اَللّٰهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا» (ئى اﷲ! ساڭا سېغىنىپ ئەۋەتىلگەن نەرسە (يامغۇر)نىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى اﷲ! (يامغۇرنى) مول، پايدىلىق قىلىپ ياغدۇرۇپ بەرگىن)②.

ئەگەر يامغۇر ياغماستىن ھاۋا ئېچىلىپ كەتسە، اﷲ تعالى بۇنى بالا ۋە مۇسىبەتكە سەۋەبچى قىلمىدى دەپ، اﷲقا تەشەككۈر ئېيتىش لازىم③.

يامغۇر ياغقىلى تۇرسا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا» (ئى اﷲ! بۇ يامغۇرنى مول، پايدىلىق قىلىپ ياغدۇرۇپ بەرگىن)④.

يامغۇر پەۋقۇلئاددە كۆپ يېغىپ كەتسە بۇنى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ حَوَالَيْنَا وَلَا عَلَيْنَا، اَللّٰهُمَّ عَلَى الْاٰكَامِ وَالْاٰجَامِ وَالظِّرَابِ

① ئەبۇ ئەۋانە رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ «ھەسەن ھەسەن».
④ بۇخارى رىۋايىتى.

وَالْاَوْدِيَةِ وَمَنَابِتِ الشَّجَرِ» (ئى اللّٰه! (بۇ يامغۇرنى) چۆرە-ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن، ئۈستىمىزگە ياغدۇرمىغىن. ئى اللّٰه! بۇ يامغۇرنى تاغ-دۆڭلەرگە، چۆل-باياۋانلارغا، دەريا-ۋادىلارغا، يايلاق ۋە ئورمانلىقلارغا ياغدۇرغىن)[1].

بۇلۇتنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلانسا، بۇنى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ لَا تَقْتُلْنَا بِغَضَبِكَ وَلَا تُهْلِكْنَا بِعَذَابِكَ وَعَافِنَا قَبْلَ ذٰلِكَ» (ئى اللّٰه! بىزنى غەزىپىڭ بىلەن ئۆلتۈرمىگىن، بىزنى ئازابىڭ بىلەن هالاك قىلمىغىن ۋە بىزنى شۇنىڭدىن بۇرۇن ئەمىن قىلغىن)[2].

قاچانكى قارا بوران كەلسە، شۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهَا رَحْمَةً وَلَا تَجْعَلْهَا عَذَابًا، اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهَا رِيَاحًا وَلَا تَجْعَلْهَا رِيْحًا» (ئى اللّٰه! ئۇنى رەھمەت قىلىپ بەرگىن، ئۇنى ئازاب قىلمىغىن. ئى اللّٰه! ئۇنى پايدىلىق شامال قىلىپ بەرگىن، ئۇنى زىيانلىق شامال قىلمىغىن)[3].

**مۇھىم نۇقتا:** ئەگەر بوران چىقىش بىلەن جاھان تۇمانغا ئايلىنىپ قاراڭغۇ بولۇپ كەتسە، ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلْفَلَقِ﴾ ۋە ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ﴾نى ئوقۇيدۇ[4].

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] تىرمىزى رىۋايىتى.
[3] «ھىسنى ھەسىن».
[4] «مىشكات».



## ھەج تەلبىيىسى

«لَبَّيْكَ اَللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ لَبَّيْكَ لَا شَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ اِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ لَا شَرِيْكَ لَكَ» (ئى اللّٰه! مەن ھازىر بولدۇم، مەن ھازىر بولدۇم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق، مەن ھازىر بولدۇم. شەكسىزكى، جىمى ھەمدۇ-سانا ۋە نېئمەت ساڭا خاستۇر، جىمى مۈلۈكمۇ ساڭا خاستۇر، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق)[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى، «بۇ تەلبىيىنى بىر مۇسۇلمان ئوقۇسا، مەشرىق ۋە مەغرىب، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپى، ھەرقانداق تاش-كېسەك ۋە دەل-دەرەخ بۇ تەلبىيىنى ئوقۇيدۇ».

**مۇھىم نۇقتا:** تەلبىيىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن اللّٰه تائالادىن ئۇنىڭ رازىلىقىنى ۋە جەننەتنى سورايدۇ ۋە دوزاختىن نىجات تېپىشنى تىلەيدۇ[2].

## ئەرەفاتتا ئوقۇيدىغان كەلىمىلەر

«لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ، اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ فِيْ قَلْبِيْ نُوْرًا وَفِيْ سَمْعِيْ نُوْرًا

---

[1] «مىشكات».
[2] «مىشكات».

وَفِىْ بَصَرِىْ نُوْرًا، اَللّٰهُمَّ اشْرَحْ لِىْ صَدْرِىْ وَيَسِّرْ لِىٓ اَمْرِىْ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ وَسَاوِسِ الصَّدْرِ وَشَتَاتِ الْاَمْرِ وَفِتْنَةِ الْقَبْرِ، اَللّٰهُمَّ اِنِّىٓ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا يَلِجُ فِى اللَّيْلِ وَشَرِّ مَا يَلِجُ فِى النَّهَارِ وَشَرِّ مَا تَهُبُّ بِهِ الرِّيَاحُ» (بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ يىگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، جىمى مۈلۈك ۋە جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە قادىردۇر. ئى اللّٰه! قەلبىمنى نۇرلاندۇرغىن، كۆزۈمنى نۇرلاندۇرغىن. ئى اللّٰه! قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. ساڭا سېغىنىپ قەلبىمنىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ۋە كۆڭۈلسىز چېچىلاڭغۇ ئىشلاردىن ۋە گۆر پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللّٰه! ساڭا سېغىنىپ كېچىلىكتە كىرىدىغان (يۈز بېرىدىغان)، كۈندۈزلىكتە كىرىدىغان (يۈز بېرىدىغان) ۋە شامال ئېلىپ مېڭىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن).

بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ بۇ كەلىمىنى ئوقۇيدۇ: «سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ وَلَآ اِلٰهَ اِلَّا اللهُ وَاللهُ اَكْبَرُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ اِلَّا بِاللّٰهِ» (اللّٰه! پاكتۇر، اللّٰهقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن، اللّٰهتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، اللّٰه ھەممىدىن چوڭدۇر، گۇناھتىن ساقلاش، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قۇۋۋەت بېرىش پەقەت اللّٰه تەرىپىدىندۇر)[1].

① ئىبنى ماجە رىۋايىتى.



## قۇربانلىق قىلىدىغان ھايۋاننى قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ياتقۇزغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اِنِّىْ وَجَّهْتُ وَجْهِىَ لِلَّذِىْ فَطَرَ السَّمٰوٰاتِ وَالْاَرْضَ عَلٰى مِلَّةِ اِبْرَاهِيْمَ حَنِيْفًا وَمَآ اَنَا مِنَ الْمُشْرِكِيْنَ، اِنَّ صَلَاتِىْ وَنُسُكِىْ وَمَحْيَاىَ وَمَمَاتِىْ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ لَا شَرِيْكَ لَهٗ وَبِذٰلِكَ اُمِرْتُ وَاَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ اَللّٰهُمَّ مِنْكَ وَلَكَ عَنْ ...» (مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن. ھەقىقەتەن مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم، يەنى دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه ئۈچۈندۇر. اللّٰهنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا، يەنى يالغۇز اللّٰهغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن. ئى اللّٰه! بۇ قۇربانلىق سېنىڭ تەۋپىق ھىدايەت قىلغانلىقىڭدۇر ۋە سەن ئۈچۈنلىدۇر).

ئاندىن كېيىن كىمنىڭ تەرىپىدىن قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، شۇنىڭ نامىدا قۇربانلىقنى بوغۇزلايدۇ. ئەگەر ئۆز تەرىپىدىن قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ نامىدا بوغۇزلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «بِسْمِ اللهِ وَاللهُ اَكْبَرُ» دەپ پىچاق سۈرىدۇ[1].

① «مىشكات».

## مۇسۇلمانغا ئۇچراشقاندا قىلىدىغان سالام

«اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ» (سىلەرگە سالامەتلىك بولسۇن ۋە اﷲنىڭ رەھمىتى بولسۇن).

قارشى تەرەپتىكى مۇسۇلمان «وَعَلَيْكُمُ السَّلَامُ وَرَحْمَةُ اللهِ» (سىلەرگىمۇ سالامەتلىك ۋە اﷲنىڭ رەھمىتى بولسۇن)، دەيدۇ.

ئەگەر «وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ» دېگەن سۆزنى دېمەي جاۋاب قايتۇرسا، بۇنىڭدىمۇ (قايتۇرغان) سالامى ئادا تاپىدۇ. لېكىن بۇ سۆز (وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ)نى قوشۇپ سالام قايتۇرسا، ئالىدىنقى سالامغا مۇناسىب بولغانلىقى ئۈچۈن ساۋابمۇ زىيادە بولىدۇ.

بىر چاغدا بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ»، دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ: «بۇنىڭغا ئون ساۋاب بېرىلدى»، دېدى. كەينىدىن ئىككىنچى بىر ئادەم كېلىپ: «اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ: «بۇنىڭغا يىگىرمە ساۋاب بېرىلدى»، دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى بىر ئادەم كېلىپ: «اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ: «بۇنىڭغا ئوتتۇز ساۋاب بېرىلدى»، دېدى. ئاندىن تۆتىنچى بىر ئادەم كېلىپ: «اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ



وَبَرَكَاتُهُ وَمَغْفِرَتُهُ»، دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ: «بۇنىڭغا قىرىق ساۋاب بېرىلدى»، دېدى①.

**مۇھىم نۇقتا:** سالام قىلغۇچى قانچىلىك كەلىمە بىلەن سالام قىلسا، جاۋاب قايتۇرغۇچى ئاز بولغاندا شۇ قەدەر كەلىمە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم. ئەگەر سالام قىلغۇچى تىلغا ئالغان كەلىمىدىن كۆپرەك كەلىمە بىلەن جاۋاب قايتۇرسا، بۇ ئىنتايىن ياخشىدۇر. اﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَحَيُّواْ بِأَحۡسَنَ مِنۡهَآ أَوۡ رُدُّوهَآ ﴿٨٦﴾ ﴾ «سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ‹اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ› دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا: ‹اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ›، دەڭلار) ياكى ئۇنىڭ سالامنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ‹وَعَلَيْكُمُ السَّلَامُ› دەڭلار)» ②.

مۇسۇلمان دۇئايى سالام يوللىسا، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇ: «وَعَلَيْهِ السَّلَامُ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ» ئۇنىڭغا سالامەتلىك بولسۇن، اﷲنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى ئۇنىڭغا نازىل بولسۇن.

ياكى دۇئايى سالام ئەكەلگۈچىگە خىتاب قىلىپ تۇرۇپ «وَعَلَيْكَ وَعَلَيْهِ السَّلَامُ» (ساڭا ۋە ئۇنىڭغا سالامەتلىك بولسۇن) دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ③.

---

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② 4- سۈرە نىسا.
③ «ھەسەن ھەسەن».

**مۇھىم نۇقتا:** سالام قىلىش بىلەن بىرگە مۇسۇلمان قېرىندىشى بىلەن قول تۇتۇشۇپمۇ كۆرۈشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى مۇسۇلمان ئۇچراشقاندا بىر-بىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشسە، ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئىككىسىنىڭ كىچىك گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدۇ»[①].

ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىككى مۇسۇلمان ئۇچراشقاندا قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشسە ھەم الله تعالىغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىشسا ۋە مەغفىرەتلىك دۇئا قىلىشسا، ئۇلارغا مەغفىرەت قىلىنىدۇ»[②].

## چۈشكۈرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» (جىمى ھەمدۇ-سانا الله ئۇچۇندۇر).

بۇنى ئاڭلىغان ئىككىنچى مۇسۇلمان «يَرْحَمُكَ اللّٰهُ» (الله ساڭا رەھىم قىلسۇن) دەيدۇ. بۇنىڭ جاۋابىدا چۈشكۈرگۈچى «يَهْدِيْكُمُ اللّٰهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ» (الله تعالى سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ھالىڭلارنى ياخشىلىسۇن)، دەيدۇ[③].

---

① تىرمىزى رىۋايىتى.
② «مىشكات».
③ بۇخارى رىۋايىتى.



ئەگەر چۈشكۈرگۈچى ئايال بولۇپ قالسا، جاۋاب بەرگۈچى «يَرْحَمُكِ اللّٰهُ» دەپ ‹كاف› ھەرپىنى زىر ئوقۇيدۇ.

**مۇھىم نۇقتا:** چۈشكۈرگۈچى «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» دېمىسە، ئاڭلىغۇچىنىڭ «يَرْحَمُكَ اللّٰهُ» دېيىشى ۋاجىب ئەمەس. ئەگەر «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» دېسە، «يَرْحَمُكَ اللّٰهُ» دېيىشى ۋاجىبتۇر.

**مۇھىم نۇقتا:** چۈشكۈرگۈچى زۇكام ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىللەتنىڭ ۋەجھىدىن چۈشكۈرۈك كېلىۋەرسە، ئىككى-ئۈچ قېتىمدىن كېيىنكىسىگە جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىب ئەمەس[①].

## يامان پال ئالماسلىق ھەققىدە

بىرەر نەرسە ياكى بىرەر ھالەتنى كۆرۈپ ھەرگىز يامان پال ئالمىغاي، بۇ ھەدىستە شېرىك دېيىلدى. خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن ئىختىيارسىز ھالەتتە خىيالىغا يامان پال كېلىپ قالسا، بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ لَا يَأْتِيْ بِالْحَسَنَاتِ إِلَّآ اَنْتَ وَلَا يَذْهَبُ بِالسَّيِّئَاتِ إِلَّآ اَنْتَ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّآ بِكَ» (ئى الله! ياخشى ئىشلارنى سەنلا ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيسەن، يامان ئىشلارنى سەنلا كەتكۈزەلەيسەن، يامان ئىشلاردىن ساقلاش،

---

① «مىشكات».

ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىش پەقەت ساڭىلا مەنسۇپتۇر)①.

## قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اكْفِنِيْ بِحَلَالِكَ عَنْ حَرَامِكَ وَاَغْنِنِيْ بِفَضْلِكَ عَمَّــنْ سِوَاكَ» (ئى اللهٔ! ھالال نەرسەڭ ئارقىلىق مېنى ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، پەزلى ـ مەرھەمىتىڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭنىڭ غەيرىدىن بىھاجەت قىلغىن)②.

بۇ كەلىمىلەرنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلى (اللهٔ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)غا ئۆگەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا (ئەلىگە) بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قەرزدار بولۇپ قالغانلىقىنى شىكايەت قىلسا، «مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ ماڭا ئۆگىتىپ قويغان بىر كەلىمە بار، شۇنى ئۆگىتىپ قوياي»، دەپ ئۆگىتىپ كېلىپ: «ئەگەر تاغدەك قەرزىڭ بولسىمۇ اللهٔ تەئالى ئادا قىلىدۇ»، دەپ يۇقىرىدا يېزىلغان دۇئانى ئۇقتۇراتتى③.

قەرزنى ئادا قىلىشنىڭ يەنە بىر دۇئاسى: ھەزرىتى ئەبۇ سەئىد خۇدرى (اللهٔ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم: «ئى اللهٔنىڭ پەيغەمبىرى! مېنى ناھايىتى

① «ھىسنى ھەسىن».
② «مىشكات».
③ تىرمىزى رىۋايىتى.



چوڭ غەملەر، كۆپ قەرزلەر چىرمىۋالدى، دەپ شىكايەت قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا مۇنداق بىر كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ بۇ كەلىمىلەرنى دېيىش بىلەن چىرمىۋالغان غەملەر كېتىدۇ، قەرزىڭ ئادا بولىدۇ»، دېدى. ھېلىقى ئادەم: «دەرھال دەپ بەرسىلىكەن ئى اللهٔنىڭ پەيغەمبىرى!» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغىن: ‹اَللّٰهُمَّ اِنِّيْ اَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحُزْنِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَاَعُوْذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الدَّيْنِ وَقَهْرِ الرِّجَالِ› (ئى اللهٔ! ساڭا سېغىنىپ غەم ـ قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ۋە كىشىلەرنىڭ خورلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن)»، دېدى.

ئۇ ئادەم مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدىم، اللهٔ تەئالى چىرمىۋالغان غەملىرىمنىمۇ كەتكۈزدى ۋە قەرزنى ئادا قىلىشنىمۇ ئاسان قىلدى»①.

## سەييىدۇل ئىستىغفار دۇئاسى

ھەزرىتى شەدداد ئىبنى ئەۋس (اللهٔ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇنۇ دۇئانى سەييىدۇل ئىستىغفار دەپ كۆرسەتكەن: «اَللّٰهُمَّ اَنْتَ رَبِّيْ لَآ اِلٰهَ اِلَّآ اَنْتَ خَلَقْتَنِيْ وَاَنَا عَبْدُكَ وَاَنَا عَلٰى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، اَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ اَبُوْٓءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَاَبُوْٓءُ بِذَنْبِيْ فَاغْفِرْ لِيْ فَاِنَّهٗ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوْبَ اِلَّآ اَنْتَ» (ئى اﷲ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭدۇرمەن. ساڭا ئىمان ئېيتىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت بەرگەن ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بەرقارارمەن. ساڭا سېغىنىپ يامان قىلمىشلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھىمغا ئىقرار قىلىمەن، مېنى مەغفىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغفىرەت قىلىسەن).

بۇ دۇئانى ئىخلاس بىلەن ئەتىگەندە ئوقۇسا، ناۋادا شۇ كۈنى كەچ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ. بۇنى ئىخلاس بىلەن ئاخشىمى ئوقۇسا، ناۋادا تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئەھلى جەننەتتىن بولىدۇ①.

## ھاجەت نامىزىنىڭ دۇئاسى

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا (اﷲ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

① «مىشكات».



مۇنداق دېگەن: «كىمكى اﷲقا ياكى بەندىگە بىرەر ھاجىتى بولسا، ئالدى بىلەن كامىل تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇپ، اﷲ تعالیٰغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسۇن ۋە ماڭا دۇرۇد يوللىسۇن، ئاندىن اﷲ تعالیٰغا سېغىنىپ مۇنداق دۇئا قىلسۇن: ‹لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ الْحَلِيْمُ الْكَرِيْمُ سُبْحَانَ اللّٰهِ رَبِّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ، اَسْئَلُكَ مُوْجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَآئِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالْغَنِيْمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ وَالسَّلَامَةَ مِنْ كُلِّ اِثْمٍ، لَا تَدَعْ لِيْ ذَنْبًا اِلَّا غَفَرْتَهٗ وَلَا هَمًّا اِلَّا فَرَّجْتَهٗ وَلَا حَاجَةً هِيَ لَكَ رِضًا اِلَّا قَضَيْتَهَا يَآ اَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ› (مۇلايىم، كەرەملىك بىر اﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲنى نۇقسانلاردىن پاك ھېساپلايمەن. جىمى مەدھىيە پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲقا خاستۇر. ئى اﷲ! سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىلەرنى، مەغفىرىتىڭگە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى سورايمەن. ھەر بىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى، ھەر بىر گۇناھتىن ساق بولۇشنى سورايمەن. ئى مېھرىبان اﷲ! گۇناھىمنى ھېچنەرسە قويماي مەغفىرەت قىلغىن، غېمىمنى ھېچنەرسە قويماي خالاس قىلغىن، سەن ياقتۇرىدىغان ھاجىتىمنى ھېچنېمە قويماي راۋا قىلغىن)»①.

① تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

# قۇنۇتى نازىلە دۇئاسى

سەھىھ ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغانكى، مۇسۇلمانلار بىرەر مۈشكۈلچىلىككە دۇچ كەلسە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نامازدا مۇسۇلمانلارنى ئاسراش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن قۇنۇتى نازىلە ئوقۇيتتى.

«شەرھى مۇنيە»دە باركى، ھازىرمۇ قۇنۇتى نازىلە ئوقۇش سۈننەت.

«دۇررۇل موختار»، بۇنىڭ شەرھىسى «رەددۇل موھتار»دا باركى، ھازىرمۇ ئاممۋىي مۇسىبەت، جەڭ ۋە غازات ئۈچۈن قۇنۇتى نازىلە ئوقۇپ دۈشمەنلەرگە دۇئايىبەت قىلىش مۇستەھەب.

دېمەك، ھازىرقى دەۋردە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ۋاقىتتىن دۈشمەنلىرىگە دۇئايىبەت قىلىپ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ تۇرۇشى ناھايىتى زۆرۈر.

قۇنۇتى نازىلەنىڭ قائىدىسى ــــ بامدات نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە رۇكۇدىن كېيىن (قەۋمەدە) ئىمام ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تۆۋەندىكى قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇيدۇ. ئىقتىدا قىلغانلار مەخپىي ئامىن دەيدۇ. بۇ دۇئادا تەكبىر ئېيتمايدۇ ھەم قول كۆتۈرمەيدۇ. دۇئا تۈگىگەندىن كېيىن ئىمام بىلەن بىرگە



تەكبىر ئېيتىپ سەجدىگە بارىدۇ: «اَللّٰهُمَّ اهْدِنَا فِيْمَنْ هَدَيْتَ ۝ وَعَافِنَا فِيْمَنْ عَافَيْتَ ۝ وَتَوَلَّنَا فِيْمَنْ تَوَلَّيْتَ ۝ وَبَارِكْ لَنَا فِيْمَآ اَعْطَيْتَ ۝ وَقِنَا شَرَّ مَا قَضَيْتَ ۝ فَاِنَّكَ تَقْضِيْ وَلَا يُقْضَى عَلَيْكَ ۝ اِنَّهٗ لَا يَعِزُّ مَنْ عَادَيْتَ ۝ وَلَا يَذِلُّ مَنْ وَّالَيْتَ ۝ تَبَارَكْتَ رَبَّنَا وَتَعَالَيْتَ ۝ اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِلْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ۝ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَالْمُسْلِمَاتِ ۝ وَاَصْلِحْهُمْ وَاَصْلِحْ ذَاتَ بَيْنِهِمْ ۝ وَاَلِّفْ بَيْنَ قُلُوْبِهِمْ ۝ وَاجْعَلْ فِيْ قُلُوْبِهِمُ الْاِيْمَانَ وَالْحِكْمَةَ ۝ وَثَبِّتْهُمْ عَلٰى مِلَّةِ رَسُوْلِكَ ۝ وَاَوْزِعْهُمْ اَنْ يَّشْكُرُوْا نِعْمَتَكَ الَّتِيْ اَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ ۝ وَاَنْ يُّوْفُوْا بِعَهْدِكَ الَّذِىْ عَاهَدْتَّهُمْ عَلَيْهِ ۝ وَانْصُرْهُمْ عَلٰى عَدُوِّكَ وَعَدُوِّهِمْ ۝ اِلٰهَ الْحَقِّ سُبْحَانَكَ لَآ اِلٰهَ غَيْرُكَ ۝ اَللّٰهُمَّ انْصُرْ عَسَاكِرَ الْمُسْلِمِيْنَ ۝ وَالْعَنِ الْكَفَرَةَ وَالْمُشْرِكِيْنَ ۝ اَلَّذِيْنَ يُكَذِّبُوْنَ رُسُلَكَ وَيُقَاتِلُوْنَ اَوْلِيَاءَكَ ۝ اَللّٰهُمَّ خَالِفْ بَيْنَ كَلِمَتِهِمْ ۝ وَفَرِّقْ جَمْعَهُمْ ۝ وَشَتِّتْ شَمْلَهُمْ ۝ وَزَلْزِلْ اَقْدَامَهُمْ ۝ وَاَلْقِ فِىْ قُلُوْبِهِمُ الرُّعْبَ ۝ وَخُذْهُمْ اَخْذَ عَزِيْزٍ مُّقْتَدِرٍ ۝ وَاَنْزِلْ بِهِمْ بَأْسَكَ الَّذِيْ لَا تَرُدُّهٗ عَنِ الْقَوْمِ الْمُجْرِمِيْنَ ۝» (ئى اﷲ! سەن ھىدايەت قىلغانلارنىڭ قاتارىدا بىزگىمۇ ھىدايەت قىلغىن. سەن سالامەتچىلىك بەرگەنلەرنىڭ قاتارىدا بىزگىمۇ سالامەتچىلىك بەرگىن. سەن ئىگە قىلدۇرغانلارنىڭ قاتارىدا بىزنىمۇ ئىگە قىلدۇرغىن. بەرگەن نەرسەڭدە بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن تەقدىر قىلغان يامان نەرسىلەردىن بىزنى ساقلىغىن. شەكسىزكى، سەن ھۆكۈم قىلىسەن، ساڭا قارشى ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. شەك-

ـسىزكى، سېنىڭ دۈشمىنىڭ غەلىبە قىلالمايدۇ، سېنىڭ دوستۇڭ خارلاشمايدۇ. ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن بۈيۈك بولدۇڭ ۋە ئۈستۈن بولدۇڭ. ئى اﷲ! مۇئمىن ئەر-ئايال ۋە مۇسۇلمان ئەر-ئاياللارغا مەغفىرەت قىلغىن. ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىنى تۈزەتكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلىغىن. ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئۆزئارا دوستلۇق پەيدا قىلغىن. ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئىمان ۋە ھېكمەتنى ئورناتقىن. ئۇلارنى پەيغەمبىرىڭنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم قىلغىن. ئۇلارنى بەرگەن نېئمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن. ئۇلارنى ساڭا قىلغان ئەھدىسىگە تولۇق ۋاپا قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن. ئى مەئبۇد، بەرھەق! سېنىڭ زاتىڭ پاكتۇر، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد يوق. ئى اﷲ! مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنىغا مەدەت قىلغىن. سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭگە ئىنكار قىلىدىغان ۋە دوستلىرىڭغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان كاپىر ۋە مۇشرىكلارغا لەئنىتىڭنى ياغدۇرغىن. ئى اﷲ! ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىقنى تاشلىغىن. ئۇلارنىڭ بىرلىك توپىنى تارمار قىلغىن. ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى پارە-پارە قىلغىن. ئۇلارنىڭ مۇستەبىت زوراۋانلىق قەددىنى گۇمران قىلغىن. ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇسۇلمانلار بىلەن قورقۇنچ تاشلىغىن. ئۇلارنى قەھرى غەزىپىڭ بىلەن قاتتىق ئازابلىغىن. زالىم قەۋمدىن كۆتۈرمەيدىغان قەھرىلىك ئازابىڭنى ئۇلارغا چۈشۈرگىن).



دىن دۈشمەنلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئېشىپ كەتسە بەش ۋاقىت نامازدىن كېيىن ئىمام ۋە ئىقتىدا قىلغۇچىلار ھەممىسى تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇش ئارقىلىق دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھالاكىتىگە دۇئايىبەت قىلىدۇ: «اَللّٰهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ سَرِيْعَ الْحِسَابِ ۝ اَللّٰهُمَّ اهْزِمِ الْاَحْزَابَ ۝ اَللّٰهُمَّ اهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ ۝ اَللّٰهُمَّ انْصُرِ الْمُسْلِمِيْنَ وَالْمُجَاهِدِيْنَ فِىْ سَبِيْلِكَ ۝ اَللّٰهُمَّ اسْتُرْ عَوْرَاتِنَا ۝ وَاٰمِنْ رَوْعَاتِنَا ۝ وَاكْفِنَا بِرُكْنِكَ الَّذِىْ لَا يُرَامُ ۝ وَاَعِنَّا وَلَا تُعِنْ عَلَيْنَا ۝ وَانْصُرْنَا وَلَا تَنْصُرْ عَلَيْنَا ۝ وَامْكُرْ لَنَا وَلَا تَمْكُرْ عَلَيْنَا ۝ وَاهْدِنَا وَيَسِّرِ الْهُدٰى لَنَا ۝ اَللّٰهُمَّ اِلَيْكَ نَشْكُوْ ضُعْفَ قُوَّتِنَا ۝ وَقِلَّةَ حِيْلَتِنَا وَهَوَانَنَا عَلَى النَّاسِ ۝ اِنَّهُ لَا مَلْجَأَ وَلَا مَنْجَا مِنْكَ إِلَّآ اِلَيْكَ ۝» (ئى اﷲ! ئى كىتاب چۈشۈرگۈچى، تېز ھېساب ئالغۇچى! ئى اﷲ! دۈشمەن توپىنى تارمار قىلغىن. ئى اﷲ! ئۇلارنى تارمار قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ مۇستەبىت زوراۋانلىق قەددىنى گۇمران قىلغىن. ئى اﷲ! مۇسۇلمانلارغا ۋە سەن ئۈچۈن جىھاد قىلغانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن. ئى اﷲ! بىزنىڭ ئابرۇيىمىزنى ساقلىغىن، قورقۇنچىمىزنى كەتكۈزۈپ ئامان قىلغىن. بىزنى دۈشمەننىڭ سۇيىقەستى كار قىلمايدىغان كۈچلۈك پاناھىڭدا ئاسرىغىن. بىزگە مەدەت قىلغىن، بىزگە قارشى كۈچلەرگە مەدەت قىلـ ـمىغىن. بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغىن، بىزگە قارشى كۈچلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلمىغىن. بىز ئۈچۈن پايدىلىق تەدبىرنى قوللانغىن، بىزنىڭ دۈشمىنىمىزگە پايدىلىق تەدبىرنى قوللانـ

ـمىغىن. بىزنى ھىدايەت قىلغىن، بىز ئۈچۈن ھىدايەتنى ئاسان قىلغىن. ئى الله! سېنىڭ ئالدىڭدا ئاجىزلىقىمىزدىن ۋە خەلق نەزىرىدىكى تەدبىرىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ۋە ئاھانىتىمىزدىن شىكايەت قىلىمىز. چۈنكى سەندىن باشقا ئازابىڭدىن قۇتۇلدىغان ۋە نىجات تاپىدىغان ھېچ پاناھ جاي يوق)①.

## ئىستىخارە نامىزىدىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئا

ھەزرىتى جابىر (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىستىخارەنى قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆگەتكەندەك ئەھمىيەت بېرىپ ئۆگىتەتتى ۋە دەيتتىكى: «سىلەرگە بىرەر ئىشتا ئىككىلىنىش بولۇپ قالسا، ئىككى رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇپ بۇ دۇئانى ئوقۇڭلار: ‹اَللّٰهُمَّ اِنِّيْٓ اَسْتَخِيْرُكَ بِعِلْمِكَ وَاَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ، وَاَسْئَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيْمِ فَاِنَّكَ تَقْدِرُ وَلَآ اَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلَآ اَعْلَمُ وَاَنْتَ عَلَّامُ الْغُيُوْبِ، اَللّٰهُمَّ اِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ اَنَّ هٰذَا الْاَمْرَ خَيْرٌ لِيْ فِيْ دِيْنِيْ وَمَعَاشِيْ وَعَاقِبَةِ اَمْرِيْ فَاقْدِرْهُ لِيْ وَيَسِّرْهُ لِيْ ثُمَّ بَارِكْ لِيْ فِيْهِ، وَاِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ اَنَّ هٰذَا الْاَمْرَ شَرٌّ لِيْ فِيْ دِيْنِيْ وَمَعَاشِيْ وَعَاقِبَتِيْ اَمْرِيْ فَاصْرِفْهُ عَنِّيْ

① «جەۋاھىرۇل فىقھى» 1-قىسىم 371~375-بەت، مۇپتى مۇھەممەد شەفىئ.



وَاصْرِفْنِيْ عَنْهُ وَاقْدِرْ لِيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ اَرْضِنِيْ بِهٖ› (ئى الله! ماڭا بۇ ئىشتا قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى سېنىڭ ئىلمىڭ بىلەن تىلەيمەن، شۇ ئىشنى قىلىشقا ماڭا قۇدرىتىڭ بىلەن كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. چۈنكى سەن ھەممىگە قادىرسەن، مەن قادىر ئەمەسمەن، ھەممىنى سەن بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن، ھەممە غەيب ساڭا ناھايىتى ئايدىڭ. ئى الله! ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى، ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، بۇ ئىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن ۋە مېنى ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، شۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن)»①.

## كېسەل يوقلىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«لَا بَأْسَ طَهُوْرٌ اِنْ شَآءَ اللّٰهُ» (ھېچ ئىش يوق ئىكەن، الله خالىسا بۇ كېسەللىك سىزنى گۇناھتىن پاكلايدۇ)②.

① «مىشكات».

② بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن يەتتە قېتىم مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «اَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ اَنْ يَّشْفِيَكَ» (مەن بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ اللهتىن ساڭا شىپالىق ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن). رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتىكى، «بۇ كەلىمىنى يەتتە قېتىم ئوقۇش بىلەن كېسەل شىپا تاپىدۇ. بىراق، ئەجەل توشۇپ قالغان بولسا بۇ باشقا گەپ»①.

## مۇسىبەت يەتكەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ اَللّٰهُمَّ أْجُرْنِيْ فِيْ مُصِيْبَتِيْ وَاَخْلِفْ لِيْ خَيْرًا مِنْهَا» (بىز ئەلۋەتتە اللهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللهنىڭ بەندىلىرىمىز). چوقۇم اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئى الله! ماڭا يەتكەن مۇسىبەتكە ئەجرى (ساۋاب) ئاتا قىلغىن، بۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىراقنى كەلتۈرۈپ بەرگىن)②.

بەدەننىڭ بىرەر جايى ئاغرىپ كەتسە ياكى بەدەنگە جاراھەت چىقىپ ئاغرىپ كەتسە، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى تۈكرۈكدەپ يەرگە قويۇپ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاغرىغان يەرگە قويۇپ تۇرۇپ بۇ كەلىمىنى ئوقۇيدۇ: «بِسْمِ اللهِ تُرْبَةُ اَرْضِنَا

① «مىشكات».
② مۇسلىم رىۋايىتى.



بِرِيْقَةِ بَعْضِنَا لِيُشْفٰى سَقِيْمُنَا بِاِذْنِ رَبِّنَا» (مەن اللهنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن بەرىكەت ھاسىل قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىزنى بىلەن كېسىلىمىزنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن، بۇ بەزىلىرىمىزنىڭ تۈكۈرۈكىگە ئارىلاشتۇرۇلغان زېمىنىنىڭ توپىسىدۇر)①.

ئەگەر بەدەنىنىڭ بىرەر جايى ئاغرىپ كەتسە، ئاغرىغان جايىغا ئوڭ قولىنى قويۇپ ئۈچ قېتىم ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾نى ئاخىرغىچە دەپ، ئاندىن يەتتە قېتىم بۇ كەلىمىنى ئوقۇيدۇ: «اَعُوْذُ بِاللهِ وَقُدْرَتِهٖ مِنْ شَرِّ مَآ اَجِدُ وَاُحَاذِرُ» (اللهنىڭ پاك زاتى ۋە ئۇنىڭ زور قۇدرىتى بىلەن مەن سېزىۋاتقان ۋە قورقۇۋاتقان ئاغرىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)②.

## كېسەلنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا

ھەزرىتى ئائىشە (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىچىمىزدىن بىرەرسىمىز ئاغرىپ قالساق، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاغرىغان جايىمىزغا مۇبارەك قولى بىلەن سىلىغان ھالدا بۇ دۇئانى ئوقۇپ قوياتتى: «اَذْهِبِ

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
② مۇسلىم رىۋايىتى.

الْبَأْسَ رَبَّ النَّاسِ وَاشْفِ اَنْتَ الشَّافِىْ لَا شِفَآءَ إِلَّا شِفَآءُكَ شِفَآءً لَا يُغَادِرُ سُقْمًا» (ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! ئازاب ـ ئوقۇبەتنى كەتكۈزگىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، پەقەت سېنىڭ بەرگەن شىپالىقىڭلا ئۈنۈملۈك بولىدۇ، شۇنداق شىپالىق بەرگىنكى، ئاغرىق قالمىغاي)①.

ھەزرىتى ئائىشە (اللہ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالسا، مۇئەۋۋەزاتنى ئوقۇپ مۇبارەك قولىغا دەم قىلىپ، ئالدى ـ كەينى پۈتۈن بەدەنلىرىنى سىلايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات تاپقان كېسىلىدە مەن مۇئەۋۋەزاتنى ئوقۇپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا دەم قىلىپ پۈتۈن بەدىنىگە سىلىتىپ قويغانىدىم②.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىدە بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇئەۋۋەزاتنى ئوقۇپ دەم قىلىپ قوياتتى③.

**مۇئەۋۋەزات:** ﴿قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡكَٰفِرُونَ ۝١﴾، ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ﴾، ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ ۝١﴾، ﴿قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ۝١﴾.

---

① «مىشكات».
② بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
③ «مىشكات».



## بالىنى كېسەل ياكى يامان نەرسىدىن ئەمىن ساقلاش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا

«أُعِيْذُكَ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لَامَّةٍ» (مەن سەن ئۈچۈن اللہ تائالانىڭ پۈتۈن كەلىمىلىرى بىلەن ھەربىر شەيتان، زىياندىش، زەھەرلىك ھاشارەت ۋە ھەربىر زىيان يەتكۈزگۈچى يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن)①.

## كېسەل كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «مۇسۇلمان كېسەل ھالىتىدە اللہ تائالاغا تۆۋەندىكى كەلىمە بىلەن قىرىق قېتىم نىدا قىلسا، ئاندىن مۇشۇ كېسەلدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ مۇسۇلمانغا شەھىدنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئەگەر ياخشى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھى مەغفىرەت بولۇپ كېتىدۇ: ﴿لَّآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبۡحَٰنَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ ۝٨٧﴾ «(پەرۋەردىگارىم سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم)»②.

---

① بۇخارى رىۋايىتى.
② 21 ـ سۈرە ئەنبىيا، مۇستەدرەك رىۋايىتى.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كېسەل ھالىتىدە بۇ كەلىمىنى ئوقۇپ، مۇشۇ كېسەلدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرمەيدۇ: ‹لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَاللّٰهُ اَكْبَرُ لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ› (بىر اللّٰھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر. اللّٰھ ھەممىدىن چوڭدۇر. بىر اللّٰھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر. ئۇ يېگانىدۇر. ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. بىر اللّٰھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر. جىمى مۈلۈك ۋە جىمى مەدھىيە اللّٰھقا خاستۇر. بىر اللّٰھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر. ئۇلۇغ اللّٰھنىڭ مەدىتى بولمىسا، ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت، چارە-تەدبىر كارغا كەلمەيدۇ)»①.

## ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ وَارْحَمْنِيْ وَاَلْحِقْنِيْ بِالرَّفِيْقِ الْاَعْلٰى» (ئى اللّٰھ! مېنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ئۈستۈنكى ھەمراھ (پەرىشتە)لارغا ئۇلاشتۇرغىن)②.

① تىرمىزى رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».



جان ئۈزگىلى تۇرغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اَعِنِّيْ عَلٰى غَمَرَاتِ الْمَوْتِ وَسَكَرَاتِ الْمَوْتِ» (ئى اللّٰھ! ماڭا ئۆلۈم قاتتىقچىلىقىدا يار-يۆلەكتە بولغايسەن)①.

**مۇھىم نۇقتا:** ئۆلۈم ۋاقتىدا جان ئۈزگۈچىلەرنىڭ يۈزى قىبلە تەرەپكە قىلىنغاي، يېنىدا ئولتۇرغانلار سەكراتتا تۇرۇۋاتقانلارغا «لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ»نى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەلقىن قىلىپ بەرگەي، ئۇ بۇنى ئاڭلاپ ئىمان كەلىمىسىنى ئوقۇۋالغاي.

**دىققەت:** ئۆلۈم ۋاقتىدا كەلىمە تەييىبەنى ئوقۇپ بېرىش پەرز ياكى ۋاجىب ئەمەس. ئەگەر بىرىسىمۇ ئوقۇمىسا سەكراتتىكى كىشىنىڭ ئىمانىغا نۇقسانلىق ئىش بولمايدۇ.

«ھەدىس شەرىف»تە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئادەمنىڭ ئاخىرقى سۆزى ‹لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللّٰهُ› بىلەن ئاخىرلاشسا، ئۇ ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ»②.

جان ئۈزگىلى تۇرغاندا يېنىدىكىلەردىن بىرى سۈرە ياسىننى ئوقۇپ بەرسە، ئۇنىڭ بىلەن جان ئاسان چىقىدۇ③.

جان چىقىپ بولغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ بۇنى ئوقۇيدۇ: «اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِفُلَانٍ وَارْفَعْ دَرَجَتَهٗ فِى الْمَهْدِيِّيْنَ وَاخْلُفْهُ فِيْ عَقِبِهٖ فِي الْغَابِرِيْنَ وَاغْفِرْ لَنَا وَلَهٗ يَا رَبَّ

① تىرمىزى رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ «ھەسەن ھەسەن».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

الْعَالَمِيْنَ وَافْسَحْ لَهُ فِي قَبْرِهِ وَنَوِّرْ لَهُ فِيْهِ» (ئى اللّٰه! بۇنى كەچۈرگىن، بۇنىڭ دەرىجىسىنى ھىدايەت تاپقانلارنىڭ قاتارىغا كۆتۈرگىن، كېيىنكىلەردە بۇنىڭ ئۈچۈن ۋارىس قالدۇرغىن. ئى ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى! بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغفىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ گۆرىنى كەڭ-كۇشادە ۋە نۇرلۇق قىلغىن).

بۇ دۇئانى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ سەلەمە (اللّٰه ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ بولۇپ ئوقۇغانىدى ۋە «فُلَانٍ»نىڭ ئورنىغا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانىدى①.

كىمكى باشقا بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇ دۇئانى ئوقۇسا، «لِفُلَانٍ»دىكى «فُلَانٍ»نىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەكەلگەي.

## ھازىدارلار ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِيْ وَلَهُ وَاَعْقِبْنِيْ مِنْهُ عُقْبٰى حَسَنَةً» (ئى اللّٰه! مېنى ۋە ئۇنى كەچۈرگىن، ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشى خىسلەت قېلىشنى نېسىپ قىلغىن)②.

مېيىتنى تەختىراۋانغا قويىدىغاندا ياكى جىنازىنى كۆتۈرىدىغاندا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ﴾ دەيدۇ③.

① مۇسلىم رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ ئىبنى ئەبى شەيبە رىۋايىتى.



قاچانكى كىچىك بالا قازا تاپسا، «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» دەپ ئۇنىڭ كەينىدىن مۇسىبەت يەتكەندە ئوقۇيدىغان ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ۝١٥٦﴾نى ئوقۇيدۇ. مۇشۇنداق قىلسا اللّٰه تعالى پەرىشتىلەرگە: «مېنىڭ بۇ بەندەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىڭلار، ئۇنىڭ ئىسمىنى ‹بَيْتُ الْحَمْدِ› (ھەمدۇسانا ئۆيى) دەپ ئاتاڭلار»، دەپ خىتاب قىلىدۇ①.

## مېيىتنى يەرلىككە قويىدىغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«بِسْمِ اللّٰهِ وَبِاللّٰهِ وَعَلٰى مِلَّةِ رَسُوْلِ اللّٰهِ» (اللّٰهنىڭ ئىسمى بىلەن، اللّٰهنىڭ ياردىمى بىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن سېنى يەرلىككە قويدۇم)②.

**مۇھىم نۇقتا:** دەپنىدىن كېيىن قەبرىنىڭ بېشىدا سۈرە فاتىھە ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدىن ﴿ٱلۡمُفۡلِحُونَ﴾غىچە خەتمە-قۇرئان قىلىدۇ. قەبرىنىڭ ئايىغى تەرىپىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئايىتى ﴿ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ﴾دىن سۈرە تۈگىگىچە خەتمە-قۇرئان قىلىدۇ③.

① تىرمىزى رىۋايىتى.
② «ھەسەن ھەسەن».
③ مىشكات.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاندىن قەبرە يېنىدا بىردەم تۇرۇپ مېيىت ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتىدۇ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ سوئال ـ سورىقىغا جاۋاب بېرىشتە مۇستەھكەم تۇرالىشى ئۈچۈن الله تعالیٰ غا سېغىنىپ دۇئا قىلىدۇ①.

## قەبرىستانغا بارغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

«اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ يَآ اَهْلَ الْقُبُوْرِ يَغْفِرُ اللّٰهُ لَنَا وَلَكُمْ اَنْتُمْ سَلَفُنَا وَنَحْنُ بِالْاَثَرِ» (ئى قەبرە ئەھلى! سىلەرگە سالام بولسۇن، بىزگە ۋە سىلەرگە الله مەغفىرەت قىلسۇن. سىلەر بىزدىن ئىلگىرى كەتتىڭلار ۋە بىز سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن بارغۇچىدۇرمىز).

ياكى بۇنى دەيدۇ: «اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ اَهْلَ الدِّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَاِنَّآ اِنْ شَآءَ اللّٰهُ بِكُمْ لَاحِقُوْنَ نَسْئَلُ اللّٰهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ» (ئى مۇئمىن مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئاھالىسى، سىلەرگە سالامەتلىك تىلەيمەن. الله خالىسا بىزمۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن بارىمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ، سىلەر ئۈچۈنمۇ اللهتىن ئامانلىق تىلەيمىز)②.

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② مۇسلىم رىۋايىتى.



## ھازىدارغا تەسەللى بەرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

«اِنَّ لِلّٰهِ مَآ اَخَذَ وَلَهٗ مَآ اَعْطٰى وَكُلٌّ عِنْدَهٗ بِاَجَلٍ مُّسَمًّى فَلْتَصْبِرْ وَلْتَحْتَسِبْ» (الله ئۆزى ئالدى، الله ئۆزى بېرىدۇ. ھەممە اللهنىڭ دەرگاھىدا پۈتۈلگەن مۇددەت بويىچە ياشايدۇ. سەۋرى قىلغىن، ساۋاب تاپقايسەن)①.

## رەسۇلۇللاھنىڭ سىرىق ئېشەك چېقىۋالغاندىكى ئەمەلى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرغاندا بىر قېتىم سىرىق ئېشەك چېقىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نامازدىن پارىغ بولۇپ دېدىكى، «سىرىق ئېشەككە اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغۇچى بىلەنمۇ ھەم باشقا بىر كىشى بىلەنمۇ كارى يوق ئىكەن».

ئۇنىڭ كەينىدىن سۇ ۋە تۇز تېپىپ سۇغا تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى سىرىق ئېشەك چاققان جايغا سۈرتتى ۋە

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.

﴿قُلْ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلْكَـٰفِرُونَ ﴿١﴾﴾، ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلْفَلَقِ ﴿١﴾﴾، ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ﴿١﴾﴾نى ئوقۇدى①.

ئوت كەتكەننى كۆرسە «اَللّٰهُ اَكْبَرُ» دەيدۇ. («اَللّٰهُ اَكْبَرُ» ئارقىلىق ئوت ئۆچۈرىلىدۇ)②.

«ھەسەن ھەسىن»نىڭ مۇئەللىفى بۇ تەجرىبىدىن ئۆتتى دەيدۇ.

## جامىئ دۇئا

«ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْحَىُّ ٱلْقَيُّومُ ﴿٢٥٥﴾ الٓمٓ ﴿١﴾ ٱللَّهُ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْحَىُّ ٱلْقَيُّومُ ﴿٢﴾ وَعَنَتِ ٱلْوُجُوهُ لِلْحَىِّ ٱلْقَيُّومِ ﴿١١١﴾ لَّآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنتَ سُبْحَـٰنَكَ إِنِّى كُنتُ مِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٨٧﴾ يَآ اَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِىْ لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ ﴿٣﴾ وَلَمْ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدٌۢ ﴿٤﴾ يَآ اَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَـٰسِرِينَ ﴿٢٣﴾ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾ رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَتَجَاوَزْ عَنْ مَّا تَعْلَمُ اِنَّكَ اَنْتَ الْاَعَزُّ الْاَكْرَمُ ۝ اَللّٰهُمَّ اِنَّكَ عَفُوٌّ كَرِيْمٌ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنَّا ۝ اَللّٰهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوْبِ صَرِّفْ قُلُوْبَنَا عَلٰى

① تىبرانى رىۋايىتى.
② ئەبۇ يەئلا، ئىبنۇس سىننى رىۋايىتى.



طَاعَتِكَ ۝ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوْبِ ثَبِّتْ قُلُوْبَنَا عَلٰى دِيْنِكَ ۝ اَللّٰهُمَّ اِنَّ قُلُوْبَنَا وَنَوَاصِيَنَا وَجَوَارِحَنَا بِيَدِكَ لَمْ تُمَلِّكْنَا مِنْهَا شَيْئًا فَاِذَا فَعَلْتَ ذٰلِكَ بِنَا فَكُنْ اَنْتَ وَلِيَّنَا وَاهْدِنَا اِلٰى سَوَآءِ السَّبِيْلِ ۝ اَللّٰهُمَّ اَرِنَا الْحَقَّ حَقًّا وَارْزُقْنَا اتِّبَاعَهُ وَاَرِنَا الْبَاطِلَ بَاطِلًا وَارْزُقْنَا اجْتِنَابَهُ ۝ اَللّٰهُمَّ ارْزُقْنَا حُبَّكَ وَحُبَّ رَسُوْلِكَ وَحُبَّ مَنْ يَّنْفَعُنَا حُبُّهُ عِنْدَكَ يَا حَيُّ يَا قَيُّوْمُ بِرَحْمَتِكَ نَسْتَغِيْثُ، نَسْتَغْفِرُكَ رَبَّنَا وَنَسْئَلُكَ التَّوْبَةَ وَاَصْلِحْ لَنَا شَأْنَنَا كُلَّهُ وَلَا تَكِلْنَا اِلٰى اَنْفُسِنَا طَرْفَةَ عَيْنٍ فَاِنَّكَ اِنْ تَكِلْنَا اِلٰى اَنْفُسِنَا تَكِلْنَا اِلٰى ضَعْفٍ وَعَوْرَةٍ وَذَنْبٍ وَخَطِيْئَةٍ ۝ اَللّٰهُمَّ لَا سَهْلَ اِلَّا مَا جَعَلْتَهُ سَهْلًا وَاَنْتَ تَجْعَلُ الْحَزْنَ سَهْلًا اِذَا شِئْتَ لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللهُ الْحَلِيْمُ الْكَرِيْمُ سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ، نَسْئَلُكَ مُوْجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَآئِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالْغَنِيْمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ وَالسَّلَامَةَ مِنْ كُلِّ اِثْمٍ لَا تَدَعْ لِىْ ذَنْبًا اِلَّا غَفَرْتَهُ يَا اَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ، وَلَا هَمًّا اِلَّا فَرَّجْتَهُ وَلَا حَاجَةً هِىَ لَكَ رِضًا اِلَّا قَضَيْتَهَا يَآ اَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ ۝ اَلَيْكَ رَبِّ فَحَبِّبْنَا وَفِىٓ اَنْفُسِنَا لَكَ رَبِّ فَذَلِّلْنَا وَفِىٓ اَعْيُنِ النَّاسِ فَعَظِّمْنَا وَمِنْ سَيِّءِ الْاَخْلَاقِ فَجَنِّبْنَا وَعَلٰى صَالِحِ الْاَخْلَاقِ فَقَوِّمْنَا وَعَلَى الصِّرَاطِ الْمُسْتَقِيْمِ فَثَبِّتْنَا وَعَلَى الْاَعْدَآءِ اَعْدَآئِكَ اَعْدَآءِ الْاِسْلَامِ فَانْصُرْنَا ۝ اَللّٰهُمَّ انْصُرْنَا وَلَا تَنْصُرْ عَلَيْنَا، اَللّٰهُمَّ امْكُرْ لَنَا وَلَا تَمْكُرْ عَلَيْنَا، اَللّٰهُمَّ زِدْنَا وَلَا تَنْقُصْنَا وَلَا تُسَلِّطْ عَلَيْنَا مَنْ لَا يَرْحَمُنَا، اَللّٰهُمَّ اشْرَحْ صُدُوْرَنَا لِلْاِسْلَامِ، اَللّٰهُمَّ حَبِّبْ اِلَيْنَا الْاِيْمَانَ وَزَيِّنْهُ فِىْ قُلُوْبِنَا وَكَرِّهْ اِلَيْنَا الْكُفْرَ وَالْفُسُوْقَ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



وَالْعِصْيَانَ ۝ اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنَا مِنَ الرَّاشِدِيْنَ ۝» («بىر اللّٰهتىن باشقا
ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. اللّٰه ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە
قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەلىف، لام، مىم، بىر اللّٰهتىن باشقا ھېچ
ئىلاھ يوقتۇر. اللّٰه ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ
تۇرغۇچىدۇر. گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى
(مەڭگۈ) ھايات اللّٰهقا ئىگىلىدۇ. (پەرۋەردىگارىم) سەندىن باشقا
ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن)
پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلـ
ـغۇچىلاردىن بولدۇم. ئۇ يىگانە بىھاجەت اللّٰهكى، بالا تاپقانمۇ
ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش
بولالمايدۇ». ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ رەھىم قىلغۇچىراقى! بىز
ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق. ئەگەر سەن بىزگە مەغفىرەت
قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتـ
ـقۇچىلاردىن بولىمىز. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە مەغفىرەت قىلـ
ـغىن ۋە بىزنىڭ تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن
تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇرسەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرسەن.
پەرۋەردىگارىم! مەغفىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن بىـ
ـلىدىغان گۇناھلىرىمدىن ئۆتۈپ كەتكىن، ھەقىقەتەن سەن
ناھايىتى غالىبسەن، ناھايىتى ھۆرمەتلىكسەن. ئى اللّٰه! ھەقـ



ـقەتەن سەن تولىمۇ مەرھەمەتلىك ئەپۇ قىلغۇچىدۇرسەن،
كەرەملىكسەن، ئەپۇنى ياقتۇرىسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن. ئى
اللّٰه! ئى دىللارنى ئۆزگەرتكۈچى زات! قەلبىمىزنى تائىتىڭ
تەرەپكە مايىل قىلغىن. ئى دىللارنى ئۆزگەرتكۈچى زات! قەلـ
ـبىمىزنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن. ئى اللّٰه! شەكـ
ـسىزكى، بىزنىڭ قەلبىمىز، بىزنىڭ پېشانىمىز ۋە بىزنىڭ
ئەزايىمىز سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر. سەن بىزگە ئۇنىڭدا ئىختىـ
ـيارلىقنى بەرمىدىڭ. قاچانكى سەن بىزگە ئۇنىڭدا ئىختىـ
ـيارلىقنى بەرسەڭ، سەن بىزنىڭ مەدەتكارىمىز بولغىن ۋە بىزنى
توغرا يولغا باشلىغىن. ئى اللّٰه! بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسەتكىن،
شۇ ھەقتە مېڭىشنى مۇۋەپپەق قىلغىن. بىزگە باتىلنى باتىل
كۆرسەتكىن، شۇ باتىلدىن ساقلىنىپ قېلىشقا مۇۋەپپەق قىلـ
ـغىن. ئى اللّٰه! بىزگە ئۆزۈڭنىڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىنى مۇۋەپپەق قىلغىن. بىزگە
سېنىڭ ئالدىڭدا مۇھەببىتى مەنپەئەت قىلىدىغان كىشىنىڭ
مۇھەببىتىنى مۇۋەپپەق قىلغىن. ئى تىرىك، ئى ھەممىنى ئىدارە
قىلىپ تۇرغۇچى زات! بىز سېنىڭ رەھمىتىڭ ئارقىلىق ئامانلىق
تىلەيمىز. ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەندىن مەغفىرەت تىلەيمىز،
سەندىن تەۋبىمىزنىڭ قوبۇل بولۇشىنى سورايمىز ۋە بىزنىڭ جىمى

ئەھۋالىمىزنى تۈزەتكىن. بىزنى ئۆز نەپسىمىزگە بىر دەممۇ تاپـ
ـشۇرمىغىن. ئەگەر سەن بىزنى ئۆز نەپسىمىزگە تاپشۇرساڭ
كەم ـ كۈتا، گۇناھ ۋە خاتالىققا تاپشۇرۇپ قويغان بولىسەن. ئى
الله! سەن ئاسان قىلىپ بەرگەن ئىش ئاساندۇر، سەن مۈشـ
ـكۈل ئىشنى ئاسان قىلىشنى خالىساڭ ئاسان قىلالايسەن.
مۆلايىم، كەرەملىك اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، بۈيۈك
ئەرشنىڭ ئىگىسى الله جىمى ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكتۇر،
جىمى مەدھىيە سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰهقا خاسـ
ـتۇر، ئى الله! سەندىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان
نەرسىلەرنى ۋە سېنىڭ مەغفىرىتىڭگە سەۋەب بولىدىغان
نەرسىلەرنى سورايمىز، ھەربىر ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى،
ھەربىر گۇناھتىن قول ئۈزۈشنى (ساق بولۇشنى) سورايمىز. ئى
مېھرىبان الله! گۇناھىمنى ھېچنەرسە قويماي مەغفىرەت قىلـ
ـغىن، غېمىمنى ھېچنەرسە قويماي خالاس قىلغىن. سەن
ياقتۇرىدىغان ھاجىتىمنى ھېچنەرسە قويماي راۋا قىلغىن. ئى
الله! بىزنى ئۆزۈڭنىڭ دوستى قىلغىن، بىزنىڭ نەپسىمىزنى
ئۆزۈڭ ئۈچۈن خار قىلغىن، خەلق كۆزىگە بىزنى چوڭ كۆرسەتـ
ـكىن. بىزنى يامان ئادەتلەردىن ساقلىغىن، ياخشى ئادەت
(ئەخلاقلار)دا چىڭ تۇرغۇزغىن، بىزنى توغرا يولدا مۇستەھكەم



قىلغىن. بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە ۋە ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ
دۈشمەنلىرىگە قارشى بىزگە مەدەت قىلغىن. ئى الله! بىزگە
نۇسرەت ئاتا قىلغىن، بىزگە قارشى كۈچلەرگە نۇسرەت ئاتا
قىلمىغىن. ئى الله! بىز ئۈچۈن پايدىلىق تەدبىرنى قوللانغىن،
بىزگە زىيانلىق تەدبىرنى قوللانمىغىن. ئى الله! بىزنى زىيادە
قىلغىن، بىزنى كېمەيتىۋەتمىگىن ۋە بىزگە رەھىم قىلمايدىغان
كىشىنى بىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن. ئى الله! قەلبىمىزنى ئىسـ
ـلام ئۈچۈن كەڭ قىلغىن، بىزگە ئىماننى دوست كۆرسەتكىن،
ئىماننى قەلبىمىزدە زىننەتلىك قىلغىن ۋە بىزگە كۇپرى ۋە
گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن. پەرۋەردىگارىمىز! ياخشىلار قاتارىدا
قىلغىن).

## ئۇنتۇغاقلىقنىڭ ئىلاجى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم ئەمەل

بالاغەت يېشىدىن ياشانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىشىـ
ـلەر[1] قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە باشقا ئىلىملارنى

---

① ئۆلىمالار بالاغەت يېشىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تەبىئىي زېھنىي قۇۋۋەت بارلىقى، ھەمدە تۆۋەندە نەقلى قىلىنغان ھەزرىتى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ باتىنىي تەرەپلىرىنى كۆزدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يادلىماقچى بولسا ياكى ئۇنتۇغاقلىقتا دۇچار بولۇپقالسا، بۇنىڭ ئىلاجى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك كۆرسەتمىسىگە ئىخلاس-ئەقىدە بىلەن ئەمەل قىلسۇن. تىرمىزى، ھاكىم ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت باركى، ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئىدىم. ئۇ يەرگە ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا-ئانام سەن ئۈچۈن پىدايىم بولسۇن، يادلىغان قۇرئان ئايەتلىرى دىلىمدا تۇرمايدۇ. بۇنىڭغا قانداق ئىلاج قىلىمەن»، دەپ شىكايەت قىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن ساڭا يادلىغان نەرسەڭ زېھنىڭدە ئورنايدىغان، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭ سەن ئۈچۈن پايدىلىق ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويساڭ ئۇلارغىمۇ پايدىلىق بىر نەرسە ئۇقتۇرۇپ قويمايمۇ؟» ھەزرىتى ئەلى: «بولسا شۇنداق قىلساڭكەن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قۇدرىتىڭ يەتسە، جۈمە كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمى كىرگەندە قوپ-

تۇتۇپ، ئۇلارنى بۇ ئۇنتۇغاقلىقنىڭ داۋاسىغا ئائىت ئەمەللەرنىڭ بەھرىلىنىش دائىرىسىدە سانىمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەمەللەرنىڭ بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن بالىلارغا نىسبەتەن پەقەتلا ئۈنۈمى يوق دېگىلى بولمايدۇ.



-قايسەن. بۇ بولسا رەھمەت پەرىشتىلىرى چۈشىدىغان ۋە دۇئا قىلسا ئىجابەت بولىدىغان خاسىيەتلىك ۋاقىتتۇر. ھەزرىتى يەئقۇب ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدە قىلىدىغان دۇئانى جۈمە كېچىسىنىڭ ئاخىرىغا ساقلىغان: ﴿ سَوْفَ أَسْتَغْفِرُ لَكُمْ رَبِّيٓ ﴾ ‹پات ئارىدا پەرۋەردىگارىمدىن سىلەرگە مەغفىرەت تىلەيمەن›. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا ئويغىنالمىساڭ، يېرىم كېچىدە قوپۇپ قىلغايسەن. بۇ ۋاقىتتىمۇ ئويغىنالمىساڭ ئاخشىمى قىلغايسەن. بۇ ئەمەلنىڭ قائىدىسى: تۆت رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇغايسەن. بىرىنچى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ياسىن، ئىككىنچى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە دۇخان، ئۈچىنچى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ئەلىف لام مىم سەجدە[1] ۋە تۆتىنچى رەكئەتتە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە مۇلكنى ئوقۇغايسەن. تەشەھھۇددىن پارىغ بولۇپ، سالام بەرگەندىن كېيىن، ئەۋۋەل الله تعالىغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ، كەيىندىن ماڭا دۇرۇد-سالام يوللاپ بولۇپ، ئاندىن تامامى پەيغەمبەرلەرگە دۇرۇد-سالام

① «قۇرئان كەرىم» تەرتىپىدە بۇ سۈرە ئالدىنقى ئىككى سۈرىدىن ئىلگىرىدۇر. لېكىن نەفلە نامازلاردا فەقىھلەر مۇنداق ئوقۇشنى جائىز كۆردى. يەنە بىرى، نەفلە نامازنىڭ ھەر ئىككى رەكئىتى مۇستەقىل نامازنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ. بۇ ئىككى رەكئەتتىكى ئىككى سۈرە ئۆزئارا تەرتىپلىكتۇر. شۇ ۋەجھىدىن بۇنىڭدا ھەرگىز مەكرۇھلۇق يوق. «كەۋكەبۇد دۇررى» ۋە ئۇنىڭ ھاشىيىسىدە شۇنداق دېيىلگەن.

يوللىغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن تامامى
مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭ ھەققىدە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى
كەچۈرۈشنى الله تعالىدىن تىلىگىن، ئاخىردا تۆۋەندىكى دۇئا
بىلەن دۇئا قىلغىن①: «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ عَدَدَ خَلْقِهٖ وَرِضَا
نَفْسِهٖ وَزِنَةَ عَرْشِهٖ وَمِدَادَ كَلِمٰتِهٖ، اَللّٰهُمَّ لَآ اُحْصِىْ ثَنَآءً عَلَيْكَ اَنْتَ
كَمَآ اَثْنَيْتَ عَلٰى نَفْسِكَ، اَللّٰهُمَّ صَلِّ وَسَلِّمْ وَبَارِكْ عَلٰى سَيِّدِنَا مُحَمَّدِنِ
النَّبِيِّ الْاُمِّيِّ الْهَاشِمِيِّ وَعَلٰى اٰلِهٖ وَاَصْحَابِهِ الْبَرَرَةِ الْكِرَامِ وَعَلٰى سَائِرِ
الْاَنْبِيَآءِ وَالْمُرْسَلِيْنَ وَالْمَلٰئِكَةِ الْمُقَرَّبِيْنَ رَبَّنَا ٱغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَٰنِنَا
ٱلَّذِينَ سَبَقُونَا بِٱلْإِيمَٰنِ وَلَا تَجْعَلْ فِى قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ
ءَامَنُوٓاْ رَبَّنَآ إِنَّكَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ، اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِىْ وَلِوَالِدَيَّ وَلِجَمِيْعِ
الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَالْمُسْلِمَاتِ إِنَّكَ سَمِيْعٌ مُّجِيْبُ
الدَّعْوَاتِ. اَللّٰهُمَّ② ارْحَمْنِىْ بِتَرْكِ الْمَعَاصِىْ اَبَدًا مَّآ اَبْقَيْتَنِىْ وَارْحَمْنِىْ
اَنْ اَتَكَلَّفَ مَا لَا يَعْنِيْنِىْ وَارْزُقْنِىْ حُسْنَ النَّظَرِ فِيْمَا يُرْضِيْكَ عَنِّىْ،
اَللّٰهُمَّ بَدِيْعَ السَّمٰوٰتِ وَالْاَرْضِ ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ وَالْعِزَّةِ الَّتِيْ لَا
تُرَامُ، اَسْئَلُكَ يَا اَللّٰهُ يَا رَحْمٰنُ بِجَلَالِكَ وَنُوْرِ وَجْهِكَ اَنْ تُلْزِمَ قَلْبِىْ

① پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمدۇسانا ۋە باشقىلارنى ئېيتىشقا ئەمرى قىلدى. بۇ زاتنىڭ دۇئا قوبۇل بولۇش ھەققىدە ئالاھىدە تىلغا ئالغان جامىئ بىر دۇئاسى (بۇ باشقا رىۋايەتلەردە كېلىدۇ) بىلەن سىزنى تەمىن ئېتىشنى خالىدۇق. بۇ بولسىمۇ «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ»دىن «مُجِيْبُ الدَّعْوَاتِ»غىچە.
② پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە ئۆگەتكەن دۇئاسى مۇشۇ يەردىن ئاخىرغىچە.



حِفْظَ كِتَابِكَ كَمَا عَلَّمْتَنِىْ وَارْزُقْنِىْ اَنْ أَقْرَأَهٗ عَلَى النَّحْوِ الَّذِىْ يُرْضِيْكَ
عَنِّىْ، اَللّٰهُمَّ بَدِيْعَ السَّمٰوٰتِ وَالْاَرْضِ ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ وَالْعِزَّةِ
الَّتِىْ لَا تُرَامُ، أَسْئَلُكَ يَا اَللّٰهُ يَا رَحْمٰنُ بِجَلَالِكَ وَنُوْرِ وَجْهِكَ أَنْ تُنَوِّرَ
بِكِتَابِكَ بَصَرِىْ وَأَنْ تُطْلِقَ بِهٖ لِسَانِىْ وَأَنْ تُفَرِّجَ بِهٖ عَنْ قَلْبِىْ وَأَنْ
تَشْرَحَ بِهٖ صَدْرِىْ وَأَنْ تَغْسِلَ بِهٖ بَدَنِىْ فَاِنَّهٗ لَا يُعِيْنُنِىْ عَلَى الْحَقِّ
غَيْرُكَ وَلَا يُؤْتِيْهِ إِلَّآ أَنْتَ وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللّٰهِ الْعَلِىِّ الْعَظِيْمِ».
(ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە،
رازىلىقىغا مۇۋاپىق، ئەرشىسىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ، كەلىملى-
رىنى خاتىرلىگەن سىياھىنىڭ باراۋىرىدە بولغان ھەمدۇ-سانالار
بولسۇن. ئى الله! مەن ساڭا ئۆز نەپسىڭگە سانا ئېيتقاندەك سانا
ئېيتالمايمەن. ئى الله! بىزنىڭ خوجىمىز، پەيغەمبىرىمىز، ئۈم-
مي، ھاشىم ئەۋلادى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،
ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ ساھابە-كىراملىرىغا
دۇرۇد-سالام ۋە بەرىكەت نازىل قىلغىن ۋە يەنە پۈتۈن پەي-
غەمبەر ۋە مۇقەررەب پەرىشتىلەرگىمۇ رەھمىتىڭنى نازىل قىل-
غىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيت-
قان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆئ-
مىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. پەرۋەردىگارى-
مىز! سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن.
ئى الله! مېنىڭ، ئاتا-ئانامنىڭ، مۆئمىن، مۇسۇلمان ئەر-

www.uyghurkitap.com



ئاياللارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلغىن. ھەقىقەتەن سەن دۇئالارنى ئىشىتكۈچى ھەم ئىجابەت قىلغۇچىسەن. ئى ﷲ! مېنى ھاياتلا قىلىدىغان بولساڭ، مەڭگۈ گۇناھ قىلماسلىقىم ئۈچۈن ماڭا رەھىم قىلغىن، پايدىسىز ئىش بىلەن مۇشەققەت چېكىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن ماڭا رەھىم قىلغىن، ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان ئەمەلنى مېنى ياخشى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق قىلغىن. ئى ﷲ! ئى ئاسمان-زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى، ئۇلۇغلۇق، ھۆرمەت ۋە ئېرىشىشنى ئىرادە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىززەت ئىگىسى! سەندىن سورايمەن. ئى ﷲ! ئى شەپقەتلىك زات! سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ ۋە زاتىڭنىڭ نۇرى تۈپەيلىدىن كالامىڭنى ماڭا بىلدۈرگەندەك، دىلىمغا ئۇنى ئورنىتىپ بەرگىن (ھىفزى قىلىشنى ئاسان قىلىپ بەرگىن)، سەن رازى بولىدىغان تەرىقىدە ئوقۇشۇمغا مۇۋەپپەق قىلغىن. ئى ﷲ! ئى ئاسمان-زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى، ئۇلۇغلۇق، ھۆرمەت ۋە ئېرىشىشنى ئىرادە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىززەت ئىگىسى! سەندىن سورايمەن. ئى ﷲ! ئى شەپقەتلىك زات! سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ ۋە زاتىڭنىڭ نۇرى تۈپەيلىدىن كۆزۈمنى كىتابىڭ بىلەن نۇرلاندۇرۇشىڭنى، تىلىمنى كىتابىڭغا راۋان قىلىشىڭنى، ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن قەلبىمنىڭ تارلىقىنى كەتكۈزۈشىڭنى، كۆكسۈمنى كەڭ قىلىشىڭنى، بەدىنىمنى گۇناھتىن پاك قىلىشىڭنى سورايمەن. شەكسىزكى، ھەق ئىشقا سەندىن ئۆزگە



ھېچكىم ماڭا ياردەم قىلالمايدۇ، سەندىن ئۆزگە ھېچكىم بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. گۇناھلاردىن ساقلاش، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قۇۋۋەت بېرىش پەقەت يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھەممىدىن ئۇلۇغ ﷲ تەرىپىدىندۇر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى: «ئى ئەلى! بۇ ئەمەلنى ئۈچ جۈمە، ياكى بەش جۈمە، ۋەياكى يەتتە جۈمە قىلساڭ، ﷲ خالىسا ئارزۇيۇڭغا يېتىسەن».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بەش جۈمە ياكى يەتتە جۈمە ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىلگىرى تەخمىنەن تۆت ئايەت ئوقۇسام ئېسىمدە تۇرمايتتى. ئەمدى قىرىق ئايەت ئوقۇسام زېھنىمدە ئورنايدىغان بولدى، گويا ‹قۇرئان كەرىم› ماڭا ئېچىلىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ھەدىس ئاڭلىغىنىمدا ئۇنى تەكرار قىلىپ تۇرسام زېھنىمگە ئورناشمايتتى. ئەمدى كۆپلەپ ھەدىس ئاڭلىسام ياكى باشقىلارغا ھەدىس ئاڭلاتسام بىرمۇ سۆز چۈشۈرۈپ قويماي يەتكۈزەلەيدىغان بولدۇم»، دېدى①.

① شەيخۇل ھەدىس مۇھەممەد زەكەرىيانىڭ ئوردۇ تىلىدا تۈزگەن «فەزائىلۇل ئەئمال» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ 281- بېتىدىن ئېلىندى.

# ئۇنتۇغاقلىقنىڭ ئىلاجى ئۈچۈن يەنە بىر مۇھىم ئۇسۇل

تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى قاچىغا يېزىپ، ئۇنى زەمزەم سۈيى ياكى يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈچ كۈن ناشتىدا ئىچكەي:

﴿أَفَمَن شَرَحَ ٱللَّهُ صَدۡرَهُۥ لِلۡإِسۡلَٰمِ (٢٢) ٱللَّهُ نُورُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ
وَٱلۡأَرۡضِۚ مَثَلُ نُورِهِۦ كَمِشۡكَوٰةٖ فِيهَا مِصۡبَاحٌۖ ٱلۡمِصۡبَاحُ فِي
زُجَاجَةٍۖ ٱلزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوۡكَبٞ دُرِّيّٞ يُوقَدُ مِن شَجَرَةٖ مُّبَٰرَكَةٖ
زَيۡتُونَةٖ لَّا شَرۡقِيَّةٖ وَلَا غَرۡبِيَّةٖ يَكَادُ زَيۡتُهَا يُضِيٓءُ وَلَوۡ لَمۡ تَمۡسَسۡهُ نَارٞۚ
نُّورٌ عَلَىٰ نُورٖۚ يَهۡدِي ٱللَّهُ لِنُورِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَيَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَٰلَ
لِلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ (٣٥) قَالَ رَبِّ ٱشۡرَحۡ لِي صَدۡرِي (٢٥)
وَيَسِّرۡ لِيٓ أَمۡرِي (٢٦) وَٱحۡلُلۡ عُقۡدَةٗ مِّن لِّسَانِي (٢٧) يَفۡقَهُواْ قَوۡلِي
(٢٨) وَٱجۡعَل لِّي وَزِيرٗا مِّنۡ أَهۡلِي (٢٩) هَٰرُونَ أَخِي (٣٠) ٱشۡدُدۡ بِهِۦٓ
أَزۡرِي (٣١) وَأَشۡرِكۡهُ فِيٓ أَمۡرِي (٣٢) كَيۡ نُسَبِّحَكَ كَثِيرٗا (٣٣) وَنَذۡكُرَكَ
كَثِيرًا (٣٤) إِنَّكَ كُنتَ بِنَا بَصِيرٗا (٣٥) وَقُلِ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ ٱلَّذِي لَمۡ
يَتَّخِذۡ وَلَدٗا وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ شَرِيكٞ فِي ٱلۡمُلۡكِ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ وَلِيّٞ مِّنَ
ٱلذُّلِّۖ وَكَبِّرۡهُ تَكۡبِيرَۢا (١١١) وَٱللَّهُ مِن وَرَآئِهِم مُّحِيطُۢ (٢٠) بَلۡ هُوَ قُرۡءَانٞ
مَّجِيدٞ (٢١) فِي لَوۡحٖ مَّحۡفُوظِۭ (٢٢) بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ وَٱلشَّمۡسِ



وَضُحَىٰهَا (١) وَٱلۡقَمَرِ إِذَا تَلَىٰهَا (٢) وَٱلنَّهَارِ إِذَا جَلَّىٰهَا (٣) وَٱلَّيۡلِ إِذَا
يَغۡشَىٰهَا (٤) وَٱلسَّمَآءِ وَمَا بَنَىٰهَا (٥) وَٱلۡأَرۡضِ وَمَا طَحَىٰهَا (٦) وَنَفۡسٖ
وَمَا سَوَّىٰهَا (٧) فَأَلۡهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقۡوَىٰهَا (٨) قَدۡ أَفۡلَحَ مَن زَكَّىٰهَا
(٩) وَقَدۡ خَابَ مَن دَسَّىٰهَا (١٠) كَذَّبَتۡ ثَمُودُ بِطَغۡوَىٰهَآ (١١) إِذِ
ٱنۢبَعَثَ أَشۡقَىٰهَا (١٢) فَقَالَ لَهُمۡ رَسُولُ ٱللَّهِ نَاقَةَ ٱللَّهِ وَسُقۡيَٰهَا (١٣)
فَكَذَّبُوهُ فَعَقَرُوهَا فَدَمۡدَمَ عَلَيۡهِمۡ رَبُّهُم بِذَنۢبِهِمۡ فَسَوَّىٰهَا (١٤) وَلَا
يَخَافُ عُقۡبَٰهَا (١٥) ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ
كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ
مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ
(٢٨٥) لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا
ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن نَّسِينَآ أَوۡ أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ
عَلَيۡنَآ إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا
مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا
فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ (٢٨٦) ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ
(١) ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ (٢) مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ (٣) إِيَّاكَ نَعۡبُدُ
وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ (٤) ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ (٥) صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ
أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ (٦) غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ (٧) قُلۡ
أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ (١) مِن شَرِّ مَا خَلَقَ (٢) وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ
(٣) وَمِن شَرِّ ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ (٤) وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ

﴿٥﴾ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ ﴿١﴾ مَلِكِ ٱلنَّاسِ ﴿٢﴾ إِلَـٰهِ ٱلنَّاسِ ﴿٣﴾ مِن
شَرِّ ٱلْوَسْوَاسِ ٱلْخَنَّاسِ ﴿٤﴾ ٱلَّذِى يُوَسْوِسُ فِى صُدُورِ ٱلنَّاسِ
﴿٥﴾ مِنَ ٱلْجِنَّةِ وَٱلنَّاسِ ﴿٦﴾ ﴾[1].

## كېسەلنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» بىلەن داۋالاش

كېسەلنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تە كەلگەن دۇئا بىلەن داۋالاپ ساقايتىشنىڭ ئەڭ زور پايدىلىق ۋە شىپالىق ئىكەنلىكىدە ھەرگىز شەك يوقتۇر، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قۇرئان كەرىم ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر»[2].

يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىز مۇئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇپرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)»[3].

---

① «تىبيۇررەھمەت» 217 ـ بەت.
② 41 ـ سۈرە ھامىم سەجدە 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە بەنى ئىسرائىل 82 ـ ئايەت.



بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممىلا يېرى ئۇخشاشلا شىپا بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىلـلاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى».

دېمەك، «قۇرئان كەرىم» ئىچكى قەلب كېسەللىكلىرى ۋە تاشقى (بەدەن قۇرۇلۇش) كېسەللىكلىرى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك كېسەللىكلەرگە بىر پۈتۈن شىپادۇر. ھەممىلا كىشى «قۇرئان كەرىم» بىلەن شىپالىق تەلەپ قىلىپ، ئۆز كېسىلىنى داۋالاشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ ھەم بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلاھىي كۈچى بىلەن كېسىلىنى داۋالاپ ئادەتلەنمەيدۇ.

كېسەل كىشى «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق چىن يۈرەكتىن ئۇنىڭ شىپالىق ئىكەنلىكىگە تەستىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىر خىل ئىلاھىي كۈچىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ داۋالانسا («قۇرئان كەرىم»نىڭ دەمدىسىنى ئىچسە ھەم ئۆزىگە ھۈرسە)، ئۇنىڭغا كېسەل مەڭگۈ تاقابىل تۇرالمايدۇ. كائىناتنى پەيدا قىلغان پەرۋەردىگار بۇ كالامنى تاغقا چۈشۈرسە، تاغ ئېرىپ كېتىدىغان، ئەگەر زېمىنغا چۈشۈرسە زېمىن يېرىلىپ كېتىدىغان تۇرسا، كېسەللەر ئۇنىڭغا قانداقمۇ تاقابىل تۇرالىسۇن!

كېسەللەرنىڭ ئىچىدىن مەيلى ئۇ ئىچكى (قەلب) كېسەللىكلىرى بولسۇن، تاشقى بەدەنگە ئائىت كېسەللىكلەر بولسۇن، «قۇرئان كەرىم»دە بۇنى داۋالاشنىڭ ئالاھىدە يوللىرى ۋە سەۋەبلىرى كۆرستىلگەن.

الله تعالى «قۇرئان كەرىم»دە قەلب كېسەللىكلىرى، بەدەن كېسەللىكلىرى ۋە بۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

قەلب كېسەللىكلىرى شەك كەلتۈرۈش ۋە شەھۋانىي كېسەللىكلەردىن ئىبارەتتۇر، الله تعالى قەلب كېسەللىكلىرىنى مۇپەسسەل رەۋىشتە بايان قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ كېسەللىك سەۋەبلىرى ۋە داۋالاش جەريانلىرىنىمۇ مۇپەسسەل بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بار»①.

ئەللامە ئىبنى قەييۇم رەھمەتۇللاھ ئەلەيھ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان شىپا بەرمىگەن كىشىگە الله شىپا بەرمىگەن بولىدى. قۇرئان كۇپايە قىلمىغان كىشىگە الله كۇپايە قىلمىغان بولىدى»②.

---

① 29- سۈرە ئەنكەبۇت 51- ئايەت.
② «زادۇلمەئاد».



بەدەنگە ئائىت كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇ داۋالاشنىڭ مەجمۇئە قائىدىلىرىگە «قۇرئان كەرىم» توغرا يول-يورۇق بەردى، بۇ ئۈچ خىل ئىشتىن ئىبارەت: سالامەتلىكنى ئاسراش، زىيان قىلغۇچى نەرسىدىن پەرھىز قىلىش، زىيانلىق نەرسىلەرنى ياندۇرۇۋېتىش.

ئىنسان «قۇرئان كەرىم» بىلەن ياخشى داۋالانسا، شۇ ھامان ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر تەسىرنى ھېس قىلىدۇ.

ئەللامە ئىبنى قەييۇم رەھمەتۇللاھ ئەلەيھ مۇنداق دەيدۇ: «مەككە مۇكەررەمەدە تۇرۇۋاتقان چېغىمدا كېسەل بولۇپ قالدىم، تېۋىب ۋە دورا تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن كېسىلىمنى فاتىھە بىلەن داۋالاپ باقاي دەپ بىر يۇتۇم زەمزەم سۈيىگە فاتىھەنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ ئۇنى ئىچتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن ساقىيىپ كەتتىم. ئاندىن ھەرقانداق كېسەللەرگە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولدۇم، بۇنىڭ ناھايىتى زور پايدىسىنى كۆردۇم. قانداقلا بىر كىشى كېسەل ئەلىمىنى شىكايەت قىلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا مۇشۇ ئۇسۇلنى سۆزلەپ بەردىم، شۇنداق قىلىپ كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ شىپا ئايىتى ئارقىلىق كېسىلىدىن تېز ساقىيىپ كەتتى»①.

رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن شىپاغا ئائىت دۇئالارمۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاشلا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگىدۇر.

---

① «زادۇلمەئاد».

## دۇئا بىلەن داۋالاش

ئىككى ئىش بىردەك تېپىلغاندا تەسىرى بولىدۇ: بىرى كېسەل تەرىپىدىن، يەنە بىرى شىپا ئايىتى ئوقۇغۇچى تەرىپىدىن.

كېسەل تەرىپىدىن كۈتىلىدىغىنى شۇكى، كېسەل كىشى «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن دۇئالار مۇئمىنلەرگە ناھايىتى چوڭ شىپا ۋە رەھمەت، دەيدىغان جەزىم ئېتىقاد بىلەن ۋە ئىخلاس بىلەن بولۇشى ھەمدە اللہ تعالى تەرىپىگە ئۈز رىغبىتى بىلەن تەۋەججۇ قىلىشى لازىم.

يەنە بىرى، شىپا ئايىتى ئوقۇغۇچىمۇ ئىخلاس، جەزىم ئېتىقاد بىلەن ۋە اللہ تعالى تەرىپىگە قاتتىق تەۋەججۇ قىلىش بىلەن ئوقۇشى لازىم.

ئىبنى تىن رەھمەتۇللاھ ئەلەيھ مۇنداق دەيدۇ: ««قۇرئان كەرىم» ۋە ‹ھەدىس شەرىف›تە كەلگەن دۇئالار بىلەن دۇئا ئوقۇشنىڭ ئۆزى روھانىي داۋالاشتۇر. قاچانكى بۇ دۇئا تەقۋادار كىشىلەرنىڭ تىلىدا ئوقۇلسا، اللہ تعالىنىڭ ئىزنى بىلەن شىپا تاپىدۇ»[①].

① «فەتھۇلبارى».



ئۆلىمالار دۇئا ئوقۇشتا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەرت ھازىرلانسا دۇرۇس دېگەن پىكىردە بىرلىككە كېلىشتى:

1. ئوقۇلىدىغان دۇئا اللہ تعالىنىڭ كالامى، اللہ تعالىنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ياكى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى بولۇشى لازىم.

2. ئوقۇلىدىغان دۇئا مەنىلىرى ئېنىق بولغان ئەرەب تىلىدا بولۇشى لازىم.

3. دۇئا بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ، دەيدىغان ئېتىقادتا بولماي، بەلكى اللہ تعالىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تەسىر قىلىدۇ، دېگەن ئېتىقادتا بولۇش لازىم.

دېمەك، دۇئا دورىلارغا ئوخشاش بىر سەۋەبتۇر.

## سېھىرنى داۋالاشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

سېھىرنى داۋالاش ئىككى خىل.

**1. سېھىرنىڭ ئالدىنى ئېلىش.**

1) ۋاجىب ئەمەللەرنىڭ ھەممىنى ئورۇنداش، ھارام ئىشلارنىڭ ھەممىنى تەرك ئېتىش، جىمى گۇناھىغا تەۋبە قىلىش.

2) ھەر كۈنى «قۇرئان كەرىم»نى ۋەزىپە قىلىپ كۆپ ئوقۇش.

3) پاناھ ئىزدەش دۇئالىرى ۋە زىكرى ـ تەسبىھلەر بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىش. بۇلارنىڭ ئىچىدىن «بِسْمِ اللهِ الَّذِىْ لَا يَضُرُّ مَعَ اسْمِهٖ شَيْءٌ فِى الْاَرْضِ وَلَا فِى السَّمَآءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ»نى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇش. «ئايەتۇل كۇرسىي»نى ھەر نامازنىڭ كەينىدە، ئۇخلايدىغاندا، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇش. سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناس قاتارلىق ئۈچ سۈرىنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ھەم ئۇخلايدىغاندا ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇش. «لَآ اِلٰهَ إِلَّا اللهُ وَحْدَهٗ لَا شَرِيْكَ لَهٗ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلٰى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ»نى ھەركۈنى يۈز قېتىمدىن ئوقۇش.

ئەتىگەن ـ ئاخشامدا، ھەر نامازنىڭ ئاخىردا، ئۇخلايدىغاندا، ئويقۇدىن ئويغانغاندا، ئۆيگە كىرگەندە، ئۆيدىن چىققاندا، مەسجىدكە كىرگەندە، مەسجىدتىن چىققاندا، ھەرخىل قاتناش قوراللىرىغا چىققاندا، ھاجەتخانىغا كىرگەندە، ھاجەتخانىدىن چىققاندا، پېشكەللىككە يولۇققۇچىنى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئالارنى تولۇق ئوقۇش.

4) مۇمكىن بولسا ھەر ئەتىگىنى يەتتە تال خورما بىلەن ناشتا قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەر ئەتىگىنى مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ يەتتە تال ئالىي خورمىسىدا ناشتا قىلسا، شۇ كۈندە ئۇ كىشىگە زەھەر تەسىر قىلمايدۇ»[1].

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.



## 2. سېھىرنى داۋالاش.

بۇ بىر قانچە خىل: 1) سېھرى بىر نەرسىگە ئوقۇلۇپ كۆمۈلگەن بولسا، مۇمكىن بولسا ئۇنى يوقۇتىۋېتىش.

2) سىدىر دەرىخى (ياۋا چىلان)نىڭ يەتتە تال ھۆل يوپۇرمىقىنى ئىككى تاش ئارىلىقىغا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ، (يەتتە تال سىدىر يوپۇرمىـقىنى داسقا سېلىپ) ئۇنىڭغا غۇسلىغا يەتكۈدەك سۇ قويۇپ، بۇ سۇغا تۆۋەندىكى ئايەت كەلىمىنى ئوقۇيدۇ:

«اَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ» ﴿ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْحَيُّ ٱلْقَيُّومُ ۚ لَا تَأْخُذُهُۥ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ ۚ لَّهُۥ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ مَن ذَا ٱلَّذِى يَشْفَعُ عِندَهُۥٓ إِلَّا بِإِذْنِهِۦ ۚ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ ۖ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَىْءٍ مِّنْ عِلْمِهِۦٓ إِلَّا بِمَا شَآءَ ۚ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ ۖ وَلَا يَـُٔودُهُۥ حِفْظُهُمَا ۚ وَهُوَ ٱلْعَلِىُّ ٱلْعَظِيمُ ﴿٢٥٥﴾﴾[1].

﴿وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ ۖ فَإِذَا هِىَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ ﴿١١٧﴾ فَوَقَعَ ٱلْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١١٨﴾ فَغُلِبُوا۟ هُنَالِكَ وَٱنقَلَبُوا۟ صَٰغِرِينَ ﴿١١٩﴾ وَأُلْقِىَ ٱلسَّحَرَةُ سَٰجِدِينَ ﴿١٢٠﴾ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢١﴾ رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ ﴿١٢٢﴾﴾[2].

① 2 ـ سۈرە بەقەرە.

② 7 ـ سۈرە ئەئراف.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



﴿وَقَالَ فِرۡعَوۡنُ ٱئۡتُونِي بِكُلِّ سَٰحِرٍ عَلِيمٖ (٧٩) فَلَمَّا جَآءَ
ٱلسَّحَرَةُ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلۡقُواْ مَآ أَنتُم مُّلۡقُونَ (٨٠) فَلَمَّآ
أَلۡقَوۡاْ قَالَ مُوسَىٰ مَا جِئۡتُم بِهِ ٱلسِّحۡرُۖ إِنَّ ٱللَّهَ سَيُبۡطِلُهُۥٓۖ إِنَّ
ٱللَّهَ لَا يُصۡلِحُ عَمَلَ ٱلۡمُفۡسِدِينَ (٨١) وَيُحِقُّ ٱللَّهُ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ
وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُجۡرِمُونَ (٨٢)﴾①.

﴿قَالُواْ يَٰمُوسَىٰٓ إِمَّآ أَن تُلۡقِيَ وَإِمَّآ أَن نَّكُونَ أَوَّلَ مَنۡ أَلۡقَىٰ
(٦٥) قَالَ بَلۡ أَلۡقُواْۖ فَإِذَا حِبَالُهُمۡ وَعِصِيُّهُمۡ يُخَيَّلُ إِلَيۡهِ مِن
سِحۡرِهِمۡ أَنَّهَا تَسۡعَىٰ (٦٦) فَأَوۡجَسَ فِي نَفۡسِهِۦ خِيفَةٗ مُّوسَىٰ (٦٧)
قُلۡنَا لَا تَخَفۡ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡأَعۡلَىٰ (٦٨) وَأَلۡقِ مَا فِي يَمِينِكَ تَلۡقَفۡ
مَا صَنَعُوٓاْۖ إِنَّمَا صَنَعُواْ كَيۡدُ سَٰحِرٖۖ وَلَا يُفۡلِحُ ٱلسَّاحِرُ حَيۡثُ
أَتَىٰ (٦٩) فَأُلۡقِيَ ٱلسَّحَرَةُ سُجَّدٗا قَالُوٓاْ ءَامَنَّا بِرَبِّ هَٰرُونَ وَمُوسَىٰ
(٧٠)﴾②.

﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡكَٰفِرُونَ
(١) لَآ أَعۡبُدُ مَا تَعۡبُدُونَ (٢) وَلَآ أَنتُمۡ عَٰبِدُونَ مَآ أَعۡبُدُ (٣)
وَلَآ أَنَا۠ عَابِدٞ مَّا عَبَدتُّمۡ (٤) وَلَآ أَنتُمۡ عَٰبِدُونَ مَآ أَعۡبُدُ (٥)
لَكُمۡ دِينُكُمۡ وَلِيَ دِينِ (٦)﴾③.

---

① 10 ـ سۈرە يۇنۇس.
② 20 ـ سۈرە تاھا.
③ 109 ـ سۈرە كافىرۇن.



﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ (١) ٱللَّهُ
ٱلصَّمَدُ (٢) لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ (٣) وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا
أَحَدُۢ (٤)﴾①.

﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلۡفَلَقِ (١)
مِن شَرِّ مَا خَلَقَ (٢) وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ (٣) وَمِن شَرِّ
ٱلنَّفَّٰثَٰتِ فِي ٱلۡعُقَدِ (٤) وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ (٥)﴾②.

﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلۡ أَعُوذُ بِرَبِّ ٱلنَّاسِ (١)
مَلِكِ ٱلنَّاسِ (٢) إِلَٰهِ ٱلنَّاسِ (٣) مِن شَرِّ ٱلۡوَسۡوَاسِ ٱلۡخَنَّاسِ
(٤) ٱلَّذِي يُوَسۡوِسُ فِي صُدُورِ ٱلنَّاسِ (٥) مِنَ ٱلۡجِنَّةِ
وَٱلنَّاسِ (٦)﴾③.

ئاندىن شۇ سۇدىن ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ، قالغىنىدا يۇيۇنىدۇ، الله خالىسا كېسەل (سېھرى) شۇنىڭ بىلەن يوقىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلنى سېھرى يوقالغۇچە داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. بۇ، تەجرىبىدىن كۆپ قېتىم ئۆتكەن.

سېھرنى داۋالاشنىڭ جىنسىي جەھەتتە ئاجىز بولۇپ قالغان ئەرلەرگە ئۈنۈمى ئەڭ ياخشىدۇر④.

سۈرە فاتىھە، ئايەتۇل كۇرسىي ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناس

---

① 112 ـ سۈرە ئىخلاس.
② 113 ـ سۈرە فەلەق.
③ 114 ـ سۈرە ناس.
④ ئىبنى بازنىڭ «فەتھۇل مەجىد» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان.

قاتارلىقلارنى ئۈچ قېتىم ياكى بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ، ئۇلۇك قولىغا دەمدە قىلىپ ئاغرىغان جايىنى سىلايدۇ.

## پاناھ تىلەش دۇئالىرى ۋە ئۇنىۋېرسال دۇئالار

1. «اَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ اَنْ يَّشْفِيَكَ» (يەتتە قېتىم ئوقۇيدۇ)①.

2. كېسەل ئۆزىنىڭ قولىنى ئاغرىغان جايىغا قويۇپ «بِسْمِ اللهِ»نى ئۈچ قېتىم دەپ، ئاندىن بۇ كەلىمىنى يەتتە قېتىم ئوقۇيدۇ: «اَعُوْذُ بِاللهِ وَقُدْرَتِهٖ مِنْ شَرِّ مَآ اَجِدُ وَاُحَاذِرُ»②.

3. «اَللّٰهُمَّ رَبَّ النَّاسِ اَذْهِبِ الْبَأْسَ وَاشْفِ اَنْتَ الشَّافِيْ لَا شِفَآءَ اِلَّا شِفَآؤُكَ شِفَآءً لَا يُغَادِرُ سُقْمًا»③.

4. «اَعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لَامَّةٍ»④.

5. «اَعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ»⑤.

---

① تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② مۇسلىم رىۋايىتى.
③ بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
④ بۇخارى رىۋايىتى.
⑤ مۇسلىم رىۋايىتى.



6. «اَعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ مِنْ غَضَبِهٖ وَعِقَابِهٖ وَشَرِّ عِبَادِهٖ وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِيْنِ وَاَنْ يَحْضُرُوْنِ»①.

7. «اَعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ الَّتِىْ لَا يُجَاوِزُهُنَّ بَرٌّ وَلَا فَاجِرٌ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ وَبَرَأَ وَذَرَأَ وَمِنْ شَرِّ مَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَآءِ وَمِنْ شَرِّ مَا يَعْرُجُ فِيْهَا وَمِنْ شَرِّ مَا ذَرَأَ فِى الْاَرْضِ وَمِنْ شَرِّ مَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمِنْ شَرِّ فِتَنِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَمِنْ شَرِّ كُلِّ طَارِقٍ اِلَّا طَارِقًا يَطْرُقُ بِخَيْرٍ يَا رَحْمٰنُ»②.

8. «اَللّٰهُمَّ رَبَّ السَّمٰوٰاتِ السَّبْعِ وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ، رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ فَالِقَ الْحَبِّ وَالنَّوٰى وَمُنْزِلَ التَّوْرٰاةِ وَالْاِنْجِيْلِ وَالْقُرْاٰنِ، اَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ وَاَنْتَ اٰخِذٌ بِنَاصِيَتِهٖ اَنْتَ الْاَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ وَاَنْتَ الْاٰخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ وَاَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ وَاَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُوْنَكَ شَيْءٌ ... »③.

9. «بِسْمِ اللهِ اَرْقِيْكَ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ يُؤْذِيْكَ وَمِنْ شَرِّ كُلِّ نَفْسٍ اَوْعَيْنِ حَاسِدٍ اَللهُ يَشْفِيْكَ بِسْمِ اللهِ اَرْقِيْكَ»④.

10. «بِسْمِ اللهِ يُبْرِيْكَ وَمِنْ كُلِّ دَاءٍ يَشْفِيْكَ وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ اِذَا حَسَدَ وَمِنْ شَرِّ كُلِّ ذِىْ عَيْنٍ»⑤.

---

① ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.
② ئەھمەد، ئىبنى سىننى رىۋايىتى.
③ مۇسلىم رىۋايىتى.
④ مۇسلىم رىۋايىتى.
⑤ مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



11. «بِسْمِ اللهِ اَرْقِيْكَ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ يُؤْذِيْكَ مِنْ حَسَدِ حَاسِدٍ وَمِنْ كُلِّ ذِيْ عَيْنٍ اَللهُ يَشْفِيْكَ»①.

يۇقىرىقى پاناھ ئىزدەش دۇئالىرى بىلەن سېھرى قىلىنغان، كۆز تەگكەن، جىن چېپىلغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللەر داۋالىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تە كۆرسىتىلگەن تەبىئىي دورىلاردىن پايدىلىنىپ داۋالىنىشنىڭ بىرى ھەسەل، ئىككىنچىسى ھەببى سەۋدا، ئۈچىنچىسى زەمزەم سۈيى، تۆتىنچىسى يامغۇر سۈيى، بەشىنچىسى زەيتۇن يېغى، ئالتىنچىسى داۋاملىق يۇيۇنۇپ خۇشپۇراق بۇيۇملارنى ئىستېمال قىلىش.

## كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

### 1. كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

1) سېھرنى داۋالاش دېگەن نۇقتىدا زىكرى قىلىنغان پاناھ ئىزدەش دۇئالىرى بىلەن پاناھ تىلەش.

2) بىرسىگە كۆز تېگىشتىن ئەنسىرىگەن ئادەم «مَا شَآءَ اللهُ لَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلَيْهِ» دېگەن دۇئانى ئوقۇپ بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلىش.

① ئىبنى ماجە رىۋايىتى.



3) بىرسىگە كۆز تېگىپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەن ئادەم ئۇنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى يوشۇرۇش.

### 2. كۆز تەگكەننى داۋالاش.

1) چەتنىڭگەن ئادەم كۆز سالغۇچىنى سېزىۋالالىسا، كۆز سالغۇچىنى بىر قاچىغا تاھارەت ئالدۇرۇپ، شۇ سۇدا غۇسلى قىلىدۇ.

2) سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناس، سۈرە فاتىھە، ئايەتۇل كۇرسىي ۋە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى ۋە دۇئادا ئوقۇلىدىغان پاناھ ئىزدەش دۇئالىرى قاتارلىقلارنى ئوڭ قولغا تۈكۈرۈكدەپ ئاغرىغان جايىنى سىلاش ياكى بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ سۇغا دەمدە قىلىپ ئىچىدۇ، ئازراقىنى ئاغرىغان جايغا قۇيىدۇ①. ياكى زەيتۇن يېغىغا ئوقۇپ ياغلىنىدۇ②. مۇمكىن بولسا زەمزەم سۈيىگە ياكى يامغۇر سۈيىگە ئوقۇپ ئىچىدۇ.

3) «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن سۈرە فاتىھە، ئايەتۇل كۇرسىي، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناس ۋە رۇقى دۇئالىرى (پاناھ ئىزدەش دۇئالىرى) قاتارلىقلارنى سۇ ئېلىنغان قاچىغا تۈكۈرۈكدەپ، ئۇنى چايقاپ ئىچسىمۇ بولىدۇ③.

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
② ئەھمەد رىۋايىتى.
③ «زادۇلمەئاد»، ئىبنى تەيمىييە پەتىۋاسى.

### 3. ھەسەتخورنىڭ كۆز سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىدىغان ئەمەللەر:

1) اللهقا سېغىنىپ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ ئىزدەش. 2) تەقۋادار بولۇش. 3) ھەسەتخورنىڭ ھەسىتىگە سەۋر قىلىش، ئۇنى ئەپۇ قىلىش. 4) اللهقا چىن كۆڭلىدىن تەۋەككۇل قىلىش، قانداق كىشى اللهقا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇ كىشىگە كۇپايە. 5) دورىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈكراقى ھەسەتخورنىڭ ھەسىتىدىن قورقۇنچ ھېس قىلماسلىق، كۆپ ئويلانماستىن كۆڭلىنى ئازادە تۇتۇش. 6) گۇناھتىن ساقلىنىش ۋە گۇناھىغا تەۋبە قىلىش. الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە (يەنى جېنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، الله نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (يەنى ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار)». 7) بالانى قايتۇرۇش، كۆز تېگىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەسەتخورنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سەدىقە ۋە خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرۇش، بۇ ئۇسۇلنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور. 8) ھەسەتخورنىڭ ھەسىتىنى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق يوقىتىش (يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇنى ئەپۇ قىلىش)، بۇنىڭدەك كاتتا خىسلەتكە الله تعالى تەرەپتىن ئالىي ماقام بېرىلگەن كىشىلا مۇۋەپپەق بولالايدۇ. 9) ئۆزىنىڭ تەۋھىدكە بولغان تونۇشىنى ھەقىقىي رەۋىشتە مۇستەھكەملەش.



## جىن چېپىلغان كېسەلنى داۋالاش

بۇنىڭ ئۇسۇلى ئىككى خىل.

### 1. جىن چېپىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

پەرز، ۋاجىب ئەمەللەرنى تولۇق تەلەپكە لايىق ئورۇنداش، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىش، جىمى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن زىكرى-تەسبىھ، پاناھ ئىزدەش دۇئالىرى ئارقىلىق پاناھ تىلەش.

### 2. جىن چېپىلغان كېسەلنى داۋالاش.

جىن چېپىلغان كىشىگە ماس كېلىدىغان ئايەت كەلىمىلەرنى ئوقۇش، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى سۈرە فاتىھە، ئايەتۇل كۇرسىي، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناس قاتارلىق سۈرە، ئايەتلەرنى ئۈچ قېتىم ياكى بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ، كېسەلگە يەڭگىل تۈكرۈكدەش، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان پاناھ ئىزدەش دۇئالىرىنىمۇ ئوقۇش.

ئى الله! بىزنى ۋە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى ئىسلام دىنىنى سۆيىدىغان قىلغىن، قەلبلىرىمىزنى ئىسلامدىكى توغرا ئەقىدىگە مايىل قىلغىن، شەرىئەتتە سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ يولىنى تۇتۇشقا ھىدايەت قىلغىن، بىزنى ئۇلارنىڭ ۋارىسى قىلغىن، ئۇلارنى قەلبلىرىمىزگە چوڭ كۆرسەتكىن ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن چىقىپ كېتىشتىن ساقلىغىن، ئامىن!

— تامام.